
ئەكبەر جاپپار
بەدەل
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئەكبەر جاپپار 1966 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ؛ 1985 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ 1992 - يىلغىچە پەيلۇ تۈرمىسىدە خىزمەت قىلغان ؛ ھازىر قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدا ئىشلەيدۇ .

ئەكبەر جاپپار 1992 - يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ ، ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، يىگىرمە نەچچە پارچە ھېكايە - نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان .

ئەكبەر جاپپار شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى .

ئەكبەر جاپپار

# بەدەل

( ھېكايە ـ نەسرلەر )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

代价:维吾尔文/艾克拜尔·加帕尔著,—喀什:喀什维吾尔文出版社,1999.7
ISBN7—5373—0716—4

Ⅰ.代... Ⅱ.艾... Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.Ⅰ247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第31188号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092**毫米** 1/32**开本** 5.25**印张** 1**插页**
1999**年**7**月第**1**版** 1999**年**7**月第**1**次印刷**
**印数**:1 —— 6080 **定价**:6.50**元**

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلار

قىممەتلىك يادنامە ............ 3
يامان ۋاقىت ............ 14
جىلغىدىكى مۇھەببەت ............ 17
بەدەل ............ 44
ئېچىلغان سىر ............ 54
پاجىئەنىڭ ئاخىرى ............ 89
كۆلەڭگە ............ 110

## نەسرلەر

بالا بەرگەن ئوي ............ 127
كور ............ 129

ئالماشقان ئورۇن ........................ 130
يوشۇرۇن سۆيگۈ ........................ 132
سىناق ........................ 133
يول ........................ 135
دادا ، مېنى كەچۈرەمسەن ؟ ........................ 137
ئۆلۈم ئالدىدىكى خەت ........................ 139
مېنى كەچۈر ........................ 142
ئاقىۋەت ........................ 145
ئارمان كۈيلىرى ........................ 147

# ھیکایلار

# قىممەتلىك يادنامە

تويۇم بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن ئايالىم ۋە ئۆيدىكىلەر بىلەن ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتاتتۇق، دەرۋازا ئېچىلىپ، يېزىلىق پوچتا - تېلېگراف پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى تۇرسۇن ئاكا كىرىپ كەلدى - دە، بىز بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن يانچۇقىدىن بىر پارچە تېلېگرامما قەغىزىنى ئېلىپ:

— ئىدارىڭىزدىن كەپتۇ، — دەپ ماڭا بېرىپ، چايغا زورلىغىنىمىزغا ئۇنىماي چىقىپ كەتتى.

مەن تېلېگراممىنى ئېلىپ ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا: «كاماندىروپكىغا چىقىسىز، تېزدىن ئىدارىغا قايتىڭ» دەپ يېزىلغان ئىدى. تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولۇپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپلا قالدىم. مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرگەن ئۆيدىكىلەر:

— نېمە گەپ ئىكەن؟ — دەپ سوراشتى.

— باشقا گەپ يوق، ئىدارىدىن «تېز كېلىڭ»

دەپتۇ ، ئىچكىرىگە بارىدىغان ئىش ئىكەن ، — دېدىم .

— بۇ قانداق گەپ ؟ توي قىلغاندا ئۇزاقراق ئارام ئالىدىغان ئىش يوقمىكەن ؟ بولدى ، بولدى ، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن بارساڭمۇ خىزمەت قېچىپ كەتمەيدۇ ، — دېيىشتى ئاتا - ئانام تەڭلا .

— توغرا چۈشەنمىسەك بولمايدۇ ، مەن بىر دۆلەت كادىرى ، ئارام ئالمەن دەپ جىددىي خىزمەتكە سەل قارىسام بولماس ، — دېدىم چاندۇرماستىن ئاستا ئايالىمغا قاراپ . ئۇ ، پىيالىنى تۇتقىنىچە لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى . مەن چالا - بۇلا ناشتا قىلغاندىن كېيىن ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ ، سەپەر تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدىم . كىيىملەرنى سومكىغا سېلىۋاتسام ، ئايالىم يېنىمغا كېلىپ خۇددى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالىدەك بىچارە قىياپەتتە يەرگە قاراپ تۇرۇپ :

— بۇگۈنلا ماڭامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ :

— ھەئە ، بۇگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئاپتوبۇستا ماڭىمەن . قانداق ، « مېنى تاشلاپ كەتتى » دەپ رەنجىمەيدىغانسىز ؟ ئىش تۈگىگەن ھامان قايتىپ كېلىمەن ، — دېدىم پەس ئاۋازدا .

— ياق ، رەنجىمەيمەن ، — ئۇ قولىنى ئاستا تارتىۋالدى - دە ، كىيىملىرىمنى سومكىغا سېلىشقا باشلىدى .

مەن بۇ ئايرىلىشنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. دېمىسىمۇ بۇ ئايرىلىش ماڭىمۇ شۇنداق تەس كېلىۋاتاتتى. كىمنىڭمۇ يېڭى توي قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئايالىدىن ئايرىلغۇسى كەلسۇن.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، ھەتتا خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزۈم بىرەر قىز بىلەن تونۇشۇپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئاخىر ئۆيدىكىلەرنىڭ، «يېشىڭ چوڭ بولۇپ قالدى، تويۇڭنى قىلمىساق بولمايدۇ، سەن لايىق تاپمىغان بولساڭ بىز تېپىپ تويۇڭنى قىلىپ قويىمىز» دېگەن گېپىگە قوشۇلۇپ، سىڭلىم روشەننىڭ دوستى — بۇ ئايالىم بىلەن تېخى بىر ئاي ئىلگىرى يۈز كۆرۈشۈپ، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئىدىم. بىر ئۆيدە تۇرغان بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن خېلى ياخشى كېلىشىپ قالغان ئىدىم. بۇرۇن كۆرۈشمىگەن بولغاچقىمىكىن ياكى ئۆزۈمنىڭ جىمغۇرلۇقىمدىنمىكىن، بىز تېخى كۆپ پاراڭلاشمىغان ئىدۇق. توي ئاخشىمى: «بىز بۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، لېكىن مۇھەببىتىمىزنى تويدىن بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەنلەرنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، تۇرمۇشىمىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىمىز» دېگەن ئىدىم.

مەن ئايالىمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە يەر تېگىدىن سەپسېلىپ تۇراتتىم. ئۇ، كىيىملەرنى سومكىغا سېلىپ بولۇپ ئالدىمغا كېلىپ:

— كېيىملەرنى سېلىپ بولدۇم ، ئالدىغان باشقا نەرسىلەر بولسا دەڭ ،تەييارلاپ بېرەي ، — دېدى كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ .

مەن ئىختىيارسىز ئۇنى باغرىمغا باستىم . ئۇمۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا :

— بىرىنچىلا خەت يېزىڭ ، مەن سىزنى ئەسلەپ تۇرىمەن ، — دېدى مەندىن تەسلىكتە ئۆزىنى تارتىپ ، — ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرەلمەيسىز ، ئەمدى مېڭىڭ . مەن روشەن بىلەن سىزنى ئۇزىتىپ قويای .

بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن نەشردىن چىققان «سەھرا ئوغلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى ئۇنىڭغا تەگلەپ :

— ماقۇل ئەمىسە ، بۇ مېنىڭ يازغان كىتابىم ، يەنە باشقا كىتابلارمۇ بار ، زېرىكسىڭىز ئوقۇڭ ، — دېدىم . ئۇ ، كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ ، كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان سۈرىتىمنى كۆرۈپ مېيىغىدا كۈلدى - دە :

— روشەن ، ئاكام يېزىقچىلىققا قىزىقىدۇ ، دېگەن . ئەسلىدە كىتابىڭىزمۇ نەشر قىلىنىپتىكەن - دە . بۇ كىتابنى چالا قويماي ئوقۇپ چىقىمەن . سىزنىڭ يەنە مۇشۇنداق كىتابلاردىن كۆپرەك نەشر قىلدۇرۇشىڭىزنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن ، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن .

مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلاشتىم ، سىڭلىم ، ئايالىم ئۈچىمىز يېزىمىزدىن شەھەرگە كىرىدىغان كىرا

مەپىسىگە ئولتۇرۇپ، ئاپتوبۇس مېڭىشقا بەش مىنۇت قالغاندا بېكەتكە كىردۇق. ئاپتوبۇس قوزغالدى. سىڭلىم نېرىراقتا قاراپ تۇردى. ئايالىم ئاپتوبۇسقا ئەگىشىپ كېلىپ گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، نېمىشقىكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ ئارقامغا قارىسام، سىڭلىم روشەن ئايالىمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئايالىم ئاستا - ئاستا مېڭىشنى توختىدى. مەن:

— خەير، خۇداغا ئامانەت! — دەپ ئايالىم بىلەن سىڭلىمنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئىختىيارسىز ئارقامغا قاراپ ئولتۇردۇم. شۇندىلا كونىلارنىڭ «نىكاھ ئىسسىق» دېگەن گېپىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

ئىدارىغا بېرىپ ئەتىسى رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، يىللاردىن بېرى قېچىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىككى نەپەر خىزمەتدىشىم بىلەن ئىچكىرىگە يۈرۈپ كەتتىم. ئىچكىرىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر ۋە ناھىيىلىرىدە ساق توققۇز ئاي تۇردۇق. بۇ توققۇز ئاي جەريانىدا مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى، تويى قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئايرىلىپ كەتكەن، مېنى كۈتۈپ تەشنا بولۇۋاتقان ئايالىمنى ۋە ئۆيدىكىلەرنى ئەسلەپ تۇردۇم، ئۇلارغا ئايدا بىر پارچە خەت يېزىپ تۇردۇم. بىراق بىزنىڭ تۇرىدىغان جايىمىز مۇقىم بولمىغاچقا،

ئۆيدىكىلەر مىنىڭ تاپشۇرۇقۇم بويىچە ماڭا جاۋاب خەت يازمىدى. ئۇلار مىنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمىدىم. تېلېفوندا سۆزلىشەي دېسەم، ئۆيىمىز سەھرادا بولغاچقا مۇمكىن بولمىدى. قاچقان بەش نەپەر جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئىشلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىمغا توققۇز ئاي بولۇپ قالغان ئىدى. قايتىپ كېلىپ ئاۋۋال ئىدارىغا خىزمەتلەردىن دوكلات بەردىم، ئاندىن ياتاقتا قايتىپ تۇرۇشۇمغا ئىدارىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېلىپ:

— يولداش ئەركىن، سىلەر جاپا چەكتىڭلار، خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ قايتىپ كەلدىڭلار. بولۇپمۇ سىز توي قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۆيدىن ئايرىلىپ، توققۇز ئايدىن بېرى ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشمىدىڭىز. ئىدارىدىن سىزنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن يۇرتىڭىزغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئورۇنلاشتۇردۇق، تېزدىن تەييارلىق قىلىپ، بۈگۈنلا يولغا چىقىڭ. — دېدى. شۇندىلا كۆڭلۈم بىرئاز ئارامىغا چۈشتى. باشقىچىلا خۇش بولۇپ كەتتىم. راست گەپنى قىلغاندا، قانىتىم بولغان بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇچۇپ بېرىپ، ئايالىم ۋە ئۆيدىكىلەرنى كۆرگۈم بار ئىدى.

ئىدارە باشلىقى ئەكرەم ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي، مېنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان «سانتانا» ماركىلىق ماشىنا

بىلەن يۇرتقا يولغا سالدى . نەچچە ئايدىن بېرى كۆرۈشكە تەشنا بولغان يۇرتۇمغىمۇ يېتىپ كەلدۇق . ماشىنا بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى . مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ هويلىغا كىرسەم ، هويلىدا لىق ئادەم ، تولىسىنىڭ بېلىگە ئاق باغلاغلىق . كۆز ئالدىمىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ، ئۆيدە « مۇسىبەت بولغان ئوخشايدۇ » دەپ بولغۇچە ، ئانام ، دادام ، سىڭلىم ۋە قېيناتام ، قېيناناملار مېنى ئارىغا ئېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . كۆڭلۈمدە قانداقتۇر بىر گۇمان پەيدا بولدى ـ دە ، دەرهال :

— گۈلسۈم قېنى ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ يىغلاپ كېتىشتى . تۇغقانلاردىن بىرسى كېلىپ ، بېشىمدىكى قاسقان شەپكەمنى ئېلىپ ، تۇماق ، ئۇزۇن چاپان كىيدۈرۈپ ، بېلىمگە ئاق باغلاپ قويدى . مەن شۇندىلا ئايالىم گۈلسۈمنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىلدىم ـ دە ، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم . ئۆيدىكىلەرمۇ ماڭا قوشۇلۇپ خېلى يىغلىغاندىن كېيىن يىغىسىنى زورىغا بېسىپ ، مېنى سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلدى . مەن قولۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرغان سىڭلىم روشەنگە قاراپ :

— روشەن ئېيتىڭە ؟ گۈلسۈمگە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدىم . سىڭلىم يىغلاپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا تۇغۇتىدا قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى . مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىغان پېتىم هۇجرا ئۆيگە كىرىپلا

ئىشىكتە يۆلىنىپ يىغلاپ كەتتىم. بىردەمدىن كېيىن سىڭلىم روشەن كىرىپ:

— ئاكا، گۈلسۈم سىزگە بۇ خەتنى يېزىپ قالدۇرغان، — دەپ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ بەردى. مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

« سۆيۈملۈكۈم ئەركىن، مېنى كەچۈرۈڭ! مەن سىزنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم. ئەسلىدە مەن سىز ئۆيگە كەلگەندە ئوماق بالىمىز بىلەن بىرگە سىزنى خۇشال - خۇرام قارشى ئېلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، شۇم ئەجەل بۇنىڭغا يول قويمىدى. دوختۇرنىڭ ئۆيدىكىلەرگە 〈ئانىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، پەقەت بولمىغاندا بالىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ〉 دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. تەقدىر بىزنىڭ پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتكەن ئوخشايدۇ. گەرچە مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ، مەن ئۈچۈن ئوغۇل - قىزلىقى نامەلۇم سەبىي بالىمىز ئىككىمىزنىڭ ۋىسال ئارزۇسىغا قانمىغان ئىككى كۆڭۈلنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالىدىغان بولدى. مەن دوختۇرغا: ( بالامنى ساقلاپ قېلىڭلار، بۇ مېنىڭ ئەركىنگە قالدۇرغان قىممەتلىك يادنامام بولۇپ قالسۇن ) دېدىم.

سۆيۈملۈكۈم ئەركىن. مېنىڭ سىزنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز ؟! مەن سىزنى بىز تونۇشۇپ توي خېتى ئالغان كۈندىن باشلاپ چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم. بىراق، توي قىلىپ بىر ئۆيدە ئاران ئىككى كۈن

تۇرالىدۇق . مەن بۇنى سىزدىن كۆرمەيمەن ، مەن سىزدىن مىننەتدار .

ئەركىن ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا يېنىمدا بولغان بولسىڭىز ، تېخى تولۇق قانالمىغان دىدارىڭىزغا قېنىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولساممۇ مەيلىتى . سىزنى بۇگۈنگىچە كۈتتۈم ، بىراق سىز كەلمىدىڭىز . ئەزرائىل ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ . سىز بىلەن يۈز كۆرۈشەلمەي ئارماندا كېتىدىغان بولدۇم .

سۆيۈملۈكۈم ئەركىن ، سىز ئىرادىلىك ياش . سىزگە دەيدىغىنىم ، غەيرەتلىك بولۇپ ، يەنىلا قەلىمىڭىزنى ئاۋۋالقىدەك تەۋرىتىپ تۇرۇڭ . سىزنىڭ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە ئىشىنىمەن . ھەر ئىككى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىڭ . بەلكىم ، سىز ئۆيگە كەلگەندە مەن بالامنى قالدۇرۇپ ، ئاللىبۇرۇن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولارمەن . روھىم بولسىمۇ سىزنى بىر كۆرۈشكە تەشنا . تۇپراق بېشىمغا كېلىپ مېنى يوقلاپ قويۇڭ .

سۆيۈملۈكۈم ئەركىن ، قورسىقىم بەك ئاغرىپ كېتىپ ، خەتنى يازالمايۋاتىمەن ، يەنە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى ، خەير ، دېيەلمىدىم ، ئاخىرەتتە دېيىشەرمىز . ھە راست ، ئىككىمىزنىڭ توي خېتىگە چۈشكەن ھېلىقى سۈرەتنى چوڭايتىپ رامكىغا ئېلىپ قويدۇم ، ياخشى ساقلاڭ . كىتابىڭىزغا بىر كۇبلېت شېئىر يېزىپ قويدۇم . ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم ، بالا ، ئانا مېھرىگە تەشنا ، سىزگە بەخت تىلەيمەن .

سىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ ، كۆزلىرى ئوچۇق كەتكەن

ئايالىڭىز گۈلسۈم» .

خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۇدۇل قەبرىستانلىققا يۈگۈردۈم ...

— گۈلسۈم ...! گۈلسۈم ...! — دەپ نەچچە رەت توۋلىدىم. كۆپ يىغلىغانلىقىمدىنمىكىنتاڭ، ئۈنۈممۇ پۈتۈپ، سەل ھالىمدىن كېتىپ قاپتىمەن. ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمىدىم. بىرسى قولتۇقىمدىن يۆلەپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ:

— ئەركىن، سەۋر قىلىڭ، — دېدى. قارىسام ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى ئەكرەم بىلەن ئىككى نەپەر خىزمەتدىشىم، مېنىڭ ۋە ئايالىمنىڭ ئۆيىدىكىلەر تۇرۇپتۇ. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئەكرەمگە ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىز بىر ئۆيدە ئاران ئىككى كۈن تۇرغان، مەن ئايالىمغا يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدىم. ئۇلار مېنى قەبرىستانلىقتىن سۆرىگەندەك ئېلىپ مېڭىشتى. مەن كەينىمدە قېلىۋاتقان قەبرىگە قاراپ:

— گۈلسۈم، مېنى كەچۈرۈڭ! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدىم.

— بالام قېنى؟ — سورىدىم مەن ئۆيگە كېلىپلا روشەندىن.

ئۇ، كارىۋات ئۈستىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى

ئېلىپ كەلدى. مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئانىسىز قالغان يۇرەك پارەمنى باغرىمغا بېسىپ، پېشانىسىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدۇم.

1995 - يىل، 10 - ئاي



# يامان ۋاقىت

جىنگەر ياللۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقىم ئۈچۈن، كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىشىمغا توغرا كەلدى. بىراق، ئالدىن تۆلەيدىغان پۇل بولمىغانلىقتىن، ئىدارىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئىلتىماس يېزىپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ، ئىلتىماسىمنى كۆرۈپ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ماڭا قاراپ:

— سىز تازىمۇ يامان ۋاقىتتا كېسەل بولۇپ قاپسىز، ھازىر پۇل ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئىدارىمىز پۇلغا شۇنچە ئېھتىياجلىق. بىراق. پۇل يوق، ئىدارىمىز پۇل ئالالمايۋاتقاندا سىزگە پۇل ھەل قىلىپ بېرەلمەيمىز، — دېدى ئۇ بىر ھازاغىچە چۈشەندۈرۈپ، — ھازىرچە ئۆزىڭىز ئامال قىلىپ تۇرۇڭ، كېيىنرەك بىرنەرسە دېيىشەرمىز.

گەرچە پۇت - قولۇمدا ماڭغۇدەك مادار بولمىسىمۇ، خان قايغۇسىدا بىرنەچچە تونۇشۇمنىڭكىگە بېرىپ پۇل

سوراپ باقتىم . ھەممىسى ، « يامان ۋاقىتتا كېلىپ قاپلا ... » دەپ ، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ چىرايلىق ئۆزرىنى قويدى . ئاخىر ، شەھەردە رېستوران ئاچىدىغان ساۋاقدىشىم ساۋۇت ئېسىمگە كېلىپ ، شۇنىڭ قېشىغا باردىم .

رېستوراندا ئادەم كۆپ بولۇپ ، ھەممىسى شىركەيىپ ھالىغا كەلگەچكە ، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى . تاماق ئۈستىلىگە تولۇپ كەتكەن ھەر خىل قورۇمىلار بېكىلى ئېغىز يوق مۇزلاپ كەتكەن ، ئەمما رومكا ـ قەدەھلەر سوقۇشتۇرۇلۇپ ، سورۇن قىزىپ كەتكەن ئىدى . نوساتتىن ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باشلىقىمىزغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئۇنىڭ يېنىدا بىر قارا سومكىنى بېقىنىغا قىستۇرۇۋالغان مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھەمدە سالاپەتلىك نۆت ـ بەش كىشى ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىن خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم . چۈنكى ، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىدارىدا شۇنداق گەپلەر بولغان ئىدى . كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولدى . ئۇلارغا كۆرۈنمەي ئاستىلا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋالدىم ھەمدە دېرىزىدىن ئۇلارغا سەپسېلىپ ئولتۇردۇم . بىر چاغدا ئىدارە باشلىقىمىز مالىيە بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىدى ، ئۇ دەرھال يۇل تۆلەيدىغان يەرگە كەلدى . بىرنەچچە مىنۇت ھېسابلاشقاندىن كېيىن ، قولتۇقىدىكى ھېلىقى سومكىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ

ساندى ، ئاندىن پۇل ئالغۇچىغا بەردى . پۇل ئالغۇچىمۇ بىر قۇر سانىۋېتىپ ، « توغرىكەن ، 3 مىڭ يۈەن » دەپ تارتمىغا سالدى . مالىيە بۆلۈم باشلىقى پۇلنى تۆلەپ بولۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى . قالغانلار تېخىچە ئۆز ئورنىدا قەدەھ سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى . ئۇ نەگە بارىدىغاندۇ ، دەپ بولغۇچە قايتىپ كىردى . قولىدا بىر يەشىك تۇراتتى . سورۇنغا بىرىپ يەشىكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى . ئاۋۋال باشلىقلاردىن باشلاپ ھەممە ئادەمگە تۆت بولاقتىن تاماكا تارقىتىپ چىقتى ، ھەتتا چەكمەيدىغانلارنىڭمۇ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . مەن شۇ چاغدىلا باشلىقىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان « يامان ۋاقىت » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم .

1996 ـ يىل ، 3 ـ ئاي



# جىلغىدىكى مۇھەببەت

ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاستا ئاچتىم. پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ، دەھشەتلىك ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئوت بولۇپ يانغانچە ئوڭدا يېتىپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ نەدە ياتقانلىقىمنى ۋە يېنىمدا ئادەم بار - يوقلۇقىنى تازا ئاڭقىرالماي، قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئارانلا: « سۇ، سۇ ... » دېيەلىدىم. شۇ ھامان ئاغزىمغا سۇ قۇيۇلۇپ، خۇددى بەدىنىمگە كىرىۋاتقان جاندەك تومۇر - تومۇرلىرىمغا تارقاپ، پۈتۈمنىڭ ئۇچىغا يېرىپ توختىدى. كۆزۈمنى زورىغا ئېچىپ ئەتراپقا قارىدىم. ئوڭ تەرىپىمدە ئۇچىسىغا تېرىدىن تىكىلگەن تاشلانمىغان جىلىتكە كىيىپ، بېشىغا يۇڭ رومال چىگىۋالغان بىر قىز بوتۇلكىدىن ياسالغان، پۈرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان جىنچىراغنى تۇتۇپ، كۆزلىرى ياش يۇقى ماڭا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. سول تەرىپىمدە ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ، قوي تېرىسىدىن تۇماق ۋە تېرىدىن جىلىتكە

كىيىۋالغان بىر بوۋاي، بىر قولىدا قاپاق، بىر قولىدا ساپال تاۋاقنى تۇتقىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ تاغدىن راستتىنلا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىمنى، مۇشۇ شەپقەتچىلەرنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇ چاغدا ئىككى سەپدىشىم دەرھال ئېسىمگە كېلىپ، ناھايىتى تەسلىكتە سورىدىم:

— يەنە ئىككىيلەن قەيەردە؟

بوۋاي بىلەن قىزنىڭ چىرايىغا كۆلكە يۈگۈردى.

— بىز سىلىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم كۆرمىدۇق، — دېدى بوۋاي قىزغا ئىشارەت قىلىپ، — قىزىم، چىراغنى يېقىنراق تۇت، ھەرھالدا خۇدا بۇ يىگىتنىڭ تېنىدىن ئېلىپ كەتكەن جاننى ئاز بولسىمۇ بېرىۋاتىدۇ، يەنە ئازراق سۇ ئىچۈرەيلى.

ئۇ بىر قولى بىلەن بېشىمدىن يۆلەپ، يەنە بىر قولىدا قاچىدىكى سۇنى ماڭا ئىچۈردى. خۇداغا شۈكرى، بۇ قېتىم سۇنى ئىككى يۇتۇم ئىچتىم. بەدىنىمدە بىرئاز جان پەيدا بولۇشقا باشلىدىيۇ، ئوڭ پۇتۇم بىلەن ئوڭ قولۇم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مىدىرلىتىپ باقاي دەپ شۇنچە قىلساممۇ مىدىرلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى.

— بالام، مىدىرلىمىسىلا، — دېدى مېنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىمنى كۆرۈپ تۇرغان بوۋاي، — ئوڭ پۇتلىرى بىلەن ئوڭ قوللىرى سۇنۇپ كېتىپتۇ، كونا ئۇسۇلىمىز

بويىچە تېگىپ قويدۇم، خاتىرجەم بولسىلا ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئۇزاققا قالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىلا . بۇگۈن تاڭ ئاتسا ، سىلىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىلى ئىككى كۈن بولىدۇ . يىقىلىپ چۈشكەن يەردە قانچىلىك ياتلا ، ئۇنى بىلمىدۇق . تەلەيلىرىگە قىزىم جىلغىغا سۇغا بارغاندا «تاغىل» سىلىنى كۆرۈپ قېلىپ قاۋاپتۇ ، قىزىم بېرىپ قارىسا ، ئۇ يەردە سىلى ھوشسىز يېتىپلا ، قىزىم سىلىنى يۈدۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى .

سىرتتا يەنە ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تاغىل - ئاشۇ قاۋاۋاتقان جانىۋار شۇ ، — دېدى بوۋاي تالانى ئىشارەت قىلىپ ، — بىز ئۈچىمىز بۇ جىلغىدا تۇرىمىز .

مەن بېشىمنى قىز تەرەپكە بۇرىدىم . بۇ قېتىم ئۇنىڭ چىرايىنى چىراغ يورۇقىدا خېلى ئېنىق كۆردۈم : قاپقارا قوشۇما قاشلار ، تال - تال كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان يوغان شەھلا كۆزلەر ، جىنەستىدەك قىزىل لەۋلەر ، يۇڭ رومال بىلەن ئورالغان بۇغداي ئۆڭ ، يۇمىلاق يۈز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . كۆزلىرى ياش يۈقى بۇ پەرىزاتنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم . مەن يۈرەك قېتىمدىن ئۇرغۇپ چىققان « رەھمەت سىلەرگە ! » دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدىم .

ئاغرىق دەستىدىن قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلەلمىدىم . بىر چاغدا ئويغانسام ، ئۆي ئىچى تۈگۈلۈك ۋە

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن كۆن نۇرىدا يورۇپ كېتىپتۇ. بوۋاي بىلەن قىز يەنىلا ئىككى يېنىمدا ئولتۇراتتى. ئۇلار مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. بوۋاي يوغان، ئوتتۇندەك قاتتىق قولى بىلەن پېشانەمنى تۇتتى.

— بالام، ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە يەڭ. قىزىم سىزگە شورپا تەييارلىدى. قۇۋۋەت بولمىسا، سۇنۇق ئۇزاقتا ساقىيىدۇ.

قىز شورپىنى ئەپكىردى. ياڭاقتەك گۆش بىلەن ئازراق كۆمەچ ناننى زورلاپ يېگۈزدى. سۇنغان پۇتۇم بىلەن قولۇم توختىماي ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، بەدەنلىرىمنىڭ ئاغرىقى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىرئاز قويۇپ بەردى. نېرۋىلىرىم بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ بولغۇچە، قىز پۇتۇمغا يېپىلغان جۇۋىنى تۈزەشتۈرگەچ سورىدى:

— دادام سىلىنى ساقچىكەن دەيدۇ، راستما؟

— راست، — دېدىم مەن كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ.

— مەن سىلىنى ئۆيگە ئەكەلگۈچە سەپسالماپتىمەن، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن دادام يانلىرىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ تەكىيە ئاستىغا قويۇپقويدى، يەنە سائەتمۇ بار، مانا.

ئۇ قورال بىلەن سائەتنى تەكىيىنىڭ ئاستىدىن

ئېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. ئوچاقتا ئوت قالاۋاتقان بوۋاي ئورنىدىن تۇردى.

— بالام، ئاكاڭنى تولا گەپكە سالماي چۈمكەپ قوي. مەن چىقىپ ئازراق ئوتۇن ئەكىلەي، ئاكاڭ ئۇخلىغاندا يەنە ئازراق سۇ ئەكىلىپ شورپا قىلىپ تۇر.

بوۋاي قوزۇقتا ئېسىقلىق ئارغامچا بىلەن ئۇۋ مىلتىقىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىلىم تېلىپ سەل - پەل مىدىرلىغان ئىدىم، سۇنغان پۇت - قولۇم چىدىغۇسىز ئاغرىپ، چىڭ يۇمۇۋالغىنىمغا قارىماي كۆزۈمدىن ياش چىققىلى تۇردى. يۇزۇمگە تەگكەن يۇمشاق نەرسىدىن كۆزۈمنى ئاچسام، قىز ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە قولياغلىق بىلەن كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپتۇ. قولياغلىقتىن تاغ رەيھىنىنىڭ خۇش پۇرىقى كېلەتتى. مەن كۈلۈمسىرەشكە تىرىشتىم.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ يىغلىماڭ.

— بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ دادام يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندە ئاغرىق قويۇپ بېرىدۇ دەيدۇ، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — جانلىرى بەك قىينىلىپ كەتتى. سىلى قىينالسىلا ئىچىم ئاغرىيدىكەن. ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە قانداقمۇ چىدالا.

ئۇ مېنىڭ ئاغرىقتا چىداپ تۇرۇپ بەرگەن تەسەللىلىرىم بىلەن يىغىدىن تەسلىكتە توختاپ، ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئۈستۈمدىكى جۇۋىنى

تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

بىردەم ئۇخلىسام ئاغرىقنى ئۇنتۇپ قالارمەن، دەپ شۇنچە قىلغان بولساممۇ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. قىز مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىدى بولغاي، يېنىمدىن شەپە چىقارماي كەتتى. بىرئازدىن كېيىن كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، بۇ ساددا، كۆيۈمچان قىز كۆلۈڭگىغا پۈتىنى قاقلاپ تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئاۋادا بۇ قىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىم. بەدىنىمنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى، بۇ مېھرىبان شەپقەتچىلەرگە بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇلى غەلىتە بولۇپ قالدىم. ئۇنى ئويغىنىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغرىققا چىداپ مىدىرلىماي ياتتىم.

تاشتا قوپۇرۇلۇپ، قارىياغاچ بىلەن يېپىلغان بۇ ئاددىي ئۆيدە ھېچقانچە سەرەمجان يوق ئىدى. مەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى جەنۇبقا قارىسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. ئىشىك ئۇدۇل تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئېچىلغان بولۇپ، خېلىلا كىچىك ئىدى. ئۆينىڭ ئوڭ تەرەپ ئارقا بۇلۇڭىدا ئوچاق بار ئىدى. ئۇنىڭ سۇپىسىدا قازان، قاچا - قومۇچ ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەر رەتلىك تىزىلغان ئىدى. بۇ ئۆيدە ھېچقانداق دېرىزە يوق، پەقەت ئۆگزىدە تۆت چاسا بىر تۈڭلۈكلا بار ئىدى. ئۆينىڭ مەن ياتقان سۇپا ئەتراپىدىكى تاملىرىغا گۈللۈك رەختتىن زەدىۋال تۇتۇلغان ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي، ئەمما پاكىز ئىدى. ئاردىن تەخمىنەن

ئىككى سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىرتتا ئىتنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا بوۋاي بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ، ماڭا بىر قارىۋېتىپ، ئوتۇننى ئاستا قويۇپ يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇخلىغان بولۇپ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپسالدىم. ئۇ، ئۇچىسىدىكى تېرە جىلىتكىسىنى سېلىپ ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى. بوۋاي خېلىلا تەمبەل ئادەم ئىدى. گەرچە چاچ - ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەرىكەتلىرى ئېپىك، قەددى تۈز ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كىچىك كۆزى چوغدەك يېنىپ، قارامتۇل چىرايى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر خىل ھاياتىي كۈچ ۋە جەسۇرلۇق بەخش ئەتكەن ئىدى.

پۈتۈم تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ، چىديالماي ئىڭراپ تاشلىدىم. بوۋاي بىلەن قىز يېنىمغا كەلدى. بوۋاي پېشانەمنى تۇتۇپ: «ئاغرىپ كەتتىمۇ؟» دېدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەيلا، ئۈستۈمدىكى يېپىنچىلارنى ئېلىۋېتىپ، سۇنغان پۇتۇمغا قارىدى. مەنمۇ پۇتۇمنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ قارىدىم. تىزىمنىڭ تۆۋەن قىسمى شالغا ئېلىنىپ، گۈللۈك رەختتە چىڭ تېڭىلىپ، ئىككى تەرەپكە تىزىلغان خىش ئىچىگە تۈپتۈز قويۇلۇپتۇ. بوۋاي ئاۋايلاپ يېپىنچىنى يەنە ياپتى.

— بالام، بىرئاز چىدىسىلا، ھازىرلا قويۇپ بېرىدۇ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق ئاغرىق بىلىنمەيدۇ. مېنىڭ ئىسمىم سېلىم ئاخۇن، قىزىمنىڭ ئىسمى تۇخان. بۇ بالىدىن بۇرۇن ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن بولساقمۇ، ئۈچىلىسى توختىمىدى. شۇڭا، تۇرۇپ قالسۇن دەپ بۇ قىزىمغا مۇشۇ ئىسىمنى قويغان. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ مۇشۇنچىلىك بولدى. ئانىسى رەھمەتلىك بەش يىل بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن، — ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، — سىلى ساقچىغۇ دەيمەن، نەدە ئىشلەيلا؟

— ھەئە، مەن ساقچى، ئىسمىم ئادىل، مىڭقايغۇ تۈرمىسىدە خىزمەت قىلىمەن.

— ھە، ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغان.

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— جۈمە.

— ئۇنداقتا بۈگۈن ئالتە كۈن بوپتۇ. ئۆتكەن شەنبە كۈنى بىزنىڭ تۈرمىدىن ئىككى جىنايەتچى قېچىپ كەتتى. بىز تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىزدەپ ماڭغان ئىدۇق. مەن ئىككى خىزمەتدىشىم بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تاغ ئىچىگە ئىزدەپ ماڭغان ئىدۇق. ئىككى كۈن تاغ بويلاپ مېڭىپ، قاچقۇنلارنىڭ تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن ئىزىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئىزنى قوغلاپ يەنە بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر تاش تاغقا كەلگەندە ئىز يوقاپ

كەتتى. بىز ئېلىشۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈپ، ئۈچەيلەن ئۈچ تەرەپكە ئىز ئىزدەپ ماڭدۇق. مەن تاش تاغدىن توپا تاغقا چىقىپ يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن هېلىقى ئىزلارنى يەنە تاپتىم. خىزمەتداشلىرىمغا خەۋەر قىلىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. بىز ئايرىلىش ئالدىدا: «ئەگەر ئىزنى ئۈچرىتىپ قالساق، ئىزنى قوغلاپ ئادەمنى چوقۇم تۇتىمىز» دېيىشىۋالغان. شۇڭا، خۇشاللىقىمدا ئىزنى قوغلاپ مېڭىۋەردىم، كەچ كىرگەندە ئىزنى يەنە يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئېلىشۋالغان يېمەكلىكتىن ئازراق يەپ، ئىز يىتكەن يەردىلا ئۇخلىدىم. ئەتىسى يەنە تاغ ئۈستىدە يېرىم كۈن ئىزدەپ، تاغدىن پەسكە چۈشىدىغان جىلغا ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇ يەردە بىرئاز ئوت - چۆپ بولغاچقا ئىزنى يەنە يوقىتىپ قويدۇم، يەيدىغان نان ۋە سۇ تۈگەپ، قاتتىق ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم. ئۇ يەردە يەنە بىر كېچە ياتقان بولساممۇ، سوغۇقتا زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. تاڭ ئاتقاندا ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن ھالسىزلىنىپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. بىر چوققىغا چىقىپ ئەتراپقا سەپسالسام، يىراقتا بىر جىلغا كۆرۈندى. «جىلغىغا چۈشۈپ ماڭاي، چوقۇم قاچقۇنلار جىلغا بىلەن ماڭغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، پەسكە ماڭدىم. ماڭغانسېرى تىكلىشىپ، داۋاملىق پەسكە چۈشۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى، تاغ ئۈستىگە چىقىپ باشقا ياقتىن چۈشەي دېسەم، ماغدۇرسىزلىقتىن تاغقا چىقىش قىيىنغا

چۈشتى . قولۇمدا كامار كولاپ بەش مېتىرچە ئۈستىگە ياماشتىم ، تۇيۇقسىز پۇتۇم ئاستىدىكى توپا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كەتتى . « ۋاي » دەپلا قالدىم ، قالغان ئىشلار ئېسىمدە يوق . ھوشۇمغا كەلسەم سىلىنىڭ ئۆيدە يېتىپتىمەن . ئىككى خىزمەتدىشىمنىڭ ھالى نېمە بولدى بىلەلمىدىم .

— بالام خاتىرجەم بولسىلا ، — دېدى سېلىم بوۋاي جىددىي تەلەپپۇزدا ، — خىزمەتداشلىرى جەنۇب تەرەپكە ماڭسا ، ئۇزاققا قالماي ئادەم بار يەرگە بارىدۇ . قاچقۇنلارغا كەلسەك ، بۇ تاغلار ماڭا بەش قولدەك تونۇش ، ئۇلار بۇ تاغقا كەلگەنلا بولسا ، سىلى يىقىلىپ چۈشكەن جىلغىدىن چۈشمىسە ، تاغ ئۈستىدە پىيادە بىر كۈندەك ماڭسا ، بارىدىغان يەنە بىر جىلغا بار ، ئۇ يەردىن چۈشىدۇ ، ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق ، پەقەت تاغ ئارىسىدىن چۈشىدىغان بىر تاشلىقچە سۇ بار . ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن ياكى يىرتقۇچلارغا يەم بولمىغانلا بولسا ، چوقۇم شۇ ئىككى جىلغىنىڭ بىرسىدىن پەسكە چۈشىدۇ . قايسى جىلغىدىن چۈشسە ، مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي باشقا يەرگە بارالمايدۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، مەن خۇددى ئىككى قاچقۇننى تۇتۇۋالغاندەك خۇش بولۇپ ، روھلىنىپ كەتتىم .

— بۇ يەردىن ناھىيە قانچىلىك يىراق ؟

— بۇ يەرنى باشئەگمى دەيمىز . بۇ يەردىن ئېشەك

بىلەن ئۈچ كىچە - كۈندۈز ماڭساق ئاياغىئەگىم دېگەن يەرگە بارىمىز. ئۇ يەر يېزىنىڭ مەركىزى. يېزا مەركىزىدىن ساق بىر كۈندە ناھىيىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن يېزىغا بارغۇچە ھېچ يەردە ئادەم تۇرمايدۇ. بىزنىڭ بۇ ئۆي غول جىلغىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان، بۇ يەر تاغنىڭ يۈرىكى.

جىنايەتچىلەرنىڭ مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇش بولغان بولسامۇ، كېيىنكى گەپنى ئاڭلاپ بېشىم قاتتى. بۇ يېقىن ئەتراپتا ئادەمزات يوقكەن، بۇ يەردە ھازىرچە پەقەت ئۈچەيلەنلا بار، مەن بىر كارغا كەلمەس ئادەم، قاچقۇنلار بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، قولغا قانداق چۈشۈرۈش كېرەك؟ ئۈنىڭ ئۈستىگە جېنىدىن تويغان ئىككى جىنايەتچىنى بوش چاغلىغىلى بولامدۇ؟ بىخەستەلىك قىلساق، ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. سېلىم ئاكا مېنىڭ ئەندىشەمنى سەزدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ، تامغا ئېسقلىق ئوۋ مىلتىقىنى ئالدى.

— بالام، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ دادامغا ئەگىشىپ مۇشۇ تاغدا چوڭ بولغان، نى - نى يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلارنى بويسۇندۇرغان، ياش ۋاقتىمدىكى كۈچۈمدىن تېخى قالغىنىم يوق. ھېلىغۇ ئىككى ئادەمكەن، 10 ئادەم بولسىمۇ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سىلى غەم قىلماي ئارام ئېلىۋەرسىلە، بىز تاڭ ئاتقۇچە ئۇلارنى مۇشۇ يەردە

ساقلايلى ، ئەگەر كەلمىسە ، مەن ئەتە سەھەردە سىلى يىقىلىپ چۈشكەن جىلغا بىلەن نېرىقى جىلغا يوللىرىغا قاراپ باقاي . ئاچلىقتىن ھەقىچان ئۇلارنىڭ جېنىمۇ ئاز قالدى . ئۇچراپلا قالسا ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ ، ئېشەككە سۆرىتىپ بولسىمۇ ئېلىپ كېلىمەن ، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ ، بېلىگە ئورىۋالغان ئارغامچىنى كۆرسەتتى ، — مەن تاغىلىنى يول بويىغا باغلاپ قويۇپ كىرەي .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى . سىلىم ئاكا قايتىپ كىرىپ داستىخان سالدى . تۇخان يىڭىلا پىشۇرغان قىيمىلىق كۆمەچ ، گۆش ۋە شورپىغا ھەدەپ زورلايتتى . ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ خېلى كۆپ يېدىم ، كېچىچە سىلىم ئاكا بىلەن ئۇياق - بۇيافنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ ، تاغىلىنىڭ قاۋىشىنى كۈتۈپ ئويغاق ياتتىم . سىلىم ئاكا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى . مەنمۇ ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆزۈم توغرۇلۇق ، ئائىلىمىز توغرۇلۇق خېلى كۆپ سۆزلىدىم . بىز خېلىلا چۈشىنىشىپ قالدۇق . تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئۇخلاپ قاپتىمەن . بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسام ، تۇخان ئوچاققا ئوت قالاۋېتىپتۇ ، سىلىم ئاكا ئۆيدە يوق . تۇخاندىن سورىدىم :

— سىلىم ئاكام قېنى ؟

— دادام سەھەردىلا « مەن جىلغا تەرەپكە بېرىپ باقاي ، ئادىل ئاكاڭ خاتىرجەم يېتىۋەرسۇن » دەپ جىلغا تەرەپكە كەتتى . خاتىرجەم بولسىلا ، ئۇلار بۇ تەرەپكە

كېلىپ قالسا، تاغىل قاۋاپ بەلگە بېرىدۇ.

مەن تەكىيە ئاستىدىن يان قورالنى ئېلىپ، تۇخاننىڭ ياردىمى بىلەن ئوقلاپ، ئېلىشقا ئەپلىك يەرگە قويۇپ قويدۇم.

— باشلىرى بەك كىرلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى تۇخان ئېچىنغان هالدا، — يۇيۇپ قوياي، بىرئاز ئۆرە بولۇپ باقاملا؟

ئۇ مېنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالغاندىن كېيىن، بىر قولى بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن كەينىمگە جۇۋىلارنى يۆلىدى. ئۆزۈمنىڭ بۇنچىلىك هالغا كەلگەنلىكىمدىن خېلى خۇش بولۇپ، دۇمبەمنى ئۇۋۇلاش ئۈچۈن سول قولۇمنى دۇمبەمگە ئۇزاتتىم.

— بولدى، سىلى مىدىرلىمىسىلا. نەچچە كۈندىن بۇيان يېتىۋېرىپ، دۇمبىلىرىمۇ ئاغرىپ كەتكەندۇ.

ئۇ كەينىمدىكى يۆلەنچۈكلەرنى ئېلىۋېتىپ، مېنى بىر قولىدا يۆلەپ تۇرۇپ دۇمبەمنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. تۇخاننىڭ كىچىك، يۇمشاق قولى دۇمبەمگە تېگىشى بىلەنلا پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ، نەچچە كۈندىن بۇيان ئاغرىق ئازابىدىن باشقىنى سەزمىگەن بەدىنىم بۆلەكچىلا راهەتلەندى. قىزدىن كېلىۋاتقان ئاياللارغىلا خاس پۇراقتىن بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، تۇخاننىڭ تۇتقان هەربىر يېرى بارا - بارا خۇددى بىر قوقاسنى دۇمبەمگە يېقىۋاتقاندەك قىزىپ،

پۈتۈن بەدىنىمگە تارقىدى. مەن ئىختىيارسىز تۇخان تەرەپكە قارىدىم. ئۇ كۆزىنى مەندىن ئەيقاچتى. ئۇنىڭ نازۇك، گۈزەل ھۆسنى پاكىز چىت كۆڭلىكى ئۈستىگە كىيىۋالغان، تېرىدىن تىكىلگەن جىلتىكىسى بىلەن يۇك رومىلى ئىچىدىمۇ جۇلالاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لاتاپىتى بۇ قوپال كىيىملەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان سېھىر ھاسىل قىلغان ئىدى. «تۇۋا، مۇشۇنداق ئادەمزاتسىز تاغلىق سەھرادىمۇ تۇخاندەك گۈزەل قىزلار چوڭ بولىدىكىنا! ئەگەر ئۇ شەھەر قىزلىرىدەك پەرداز قىلىپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە، قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەر ـ ھە ؟!»

— بولدى، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، ئەمدى بىردەم يۆلىنىپ ئولتۇراي، — دېدىم مەن تەستە.

— سەل تۇرسىلا، چاچلىرىنى يۇيۇپ قوياي.

ئۇ ئوچاقتا ئىسسىقلىق قازاندىن داسقا سۇ ئېلىپ تەڭشىدى، ئاندىن لۆڭگىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، لۆڭگە بىلەن چېچىمنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

ئۇ چاچ ۋە يۈز ـ كۆزلىرىمنى پاكىز سۈرتكەندىن كېيىن، كەينىمگە يۆلەكلىك تەكىيلەرنى جايلاشتۇردى. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن پىشۇرغان كۆمەچ ۋە شورپا بىلەن غىزالاندۇردى. سائەتكە قارىسام 11 بوپتۇ. «سىلىم ئاكا جىنايەتچىلەرنى تۇتقاندىمۇ ؟ ياكى ...» بۇنى ئويلاپ ئىچىم تىتىلداپ ۋەسۋەسىگە چۈشتۈم. بىرئاز يەڭگىللەش ئۈچۈن

بېشىمنى يانتۇ قىلىپ، باش تەرىپىمدىكى تامغا سەپسالدىم. تامدىكى قوزۇقتا يېڭىلا پارچىلانغان بىر قوينىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇراتتى. ھەي، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئادەملەر، مېنى دەپ قويىدىن بىرنى ئاتايىن سويۇپتۇ ـ دە! شۇ چاغدا، بايا سىرتقا چىقىپ كەتكەن تۇخان يېنىپ كىردى.

— ھاۋا خېلى سوغۇق تۇرىدۇ، توڭۇپ قالمىسىلا يەنە.

ئۇ سۇپىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە رەتلىك تىزىلغان ئورۇن ـ كۆرپىلەر ئىچىدىن بىر يوتقاننى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۈستۈمگە يېپىپ قويدى. گەرچە تېخى ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسىمۇ، بۇ تاغ باشقا جايلارغا قارىغاندا بۆلەكچىلا سوغۇق ئىدى. ئوچاققا ئوت قالىمىسا، ئادەم ئۆي ئىچىدىمۇ بىرئاز توڭار ئىدى. چىرايىمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى.

— ئەينەك بارمۇ؟

ئۇ مورا بېشىدىن يۇملاق كىچىك بىر ئەينەكنى ئەكېلىپ بەردى. ئەينەككە قارىسام، چىرايىم سارغىيىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىم ئۆسۈپ، لەۋلىرىم گەز باغلاپ تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتىمەن. بولۇپمۇ كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ، چۆرىسى قارىداپ كېتىپتۇ.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان پەس يىغا ئاۋازىدىن تۇخاننىڭ ئىتتىك قارىدىم. ئۇ تامغا يۈزلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاۋېتىپتۇ.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟

ــــ رەھمەتلىك ئانام يادىمغا يېتىپ قالدى ، بۇ ئەينەك ئۇنىڭ ئىدى .

مەن ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەسلىك ئۈچۈن ، گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇراپ چاقچاق قىلدىم .

ــــ بولدى ، يىغلىماڭ ، چوڭلا تۇرۇپ يىغلىسىڭىز بەك سەت تۇرىدىكەن . ماڭا بىر قارىۋېتىڭا .

ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، زورىغا كۈلۈمسىرىدى .

بۈگۈن پۇت - قولۇم بۇرۇنقىدىن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى . تۇخان بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . تاغىلىنىڭ ئۈنلۈك قاۋىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ، تەكيە ئاستىدىكى قورالنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭ ، تۇخان ھودۇققان ھالدا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى .

ــــ دادام ... دادام ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، پۇت - قولۇمنىڭ سۇنۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ، ئورنۇمدىن تۇرىمەن دەپ يۇلقۇنۇشۇم بىلەن پۇت - قولۇم چىدىغۇسىز ئاغرىپ « ۋايجان ! » دەپ ۋارقىراپ تاشلىدىم ، تۇخان يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى .

ــــ ئاپلا ، مەن سىلىنى چۆچۈتىۋەتتىم - ھە ؟ ئەسلىي مەن ، دادام ئىككى ئادەمنى باغلاپ كېلىۋاتىدۇ ، دېمەكچىدىم ، بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ ...

ــــ مېنى تېزراق يۆلەپ قويۇڭ .

مەن بەتلەكلىك قورالنى سول قولۇمدا تۇتقانچە ئىشىك تەرەپكە قارىدىم. تۇخان مېنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تىكرەك يۆلەپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سېلىم ئاكا ئۇۋ مىلتىقىنى كۆتۈرگەن هالدا كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇۋالدىڭمۇ؟

— هەئە، مەن سىلىگە دېدىمغۇ، قايسى جىلغىدىن چۈشسە مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ دەپ. ئەتىگەن، سىلى چۈشكەن جىلغىغا بارسام هېچ شەپە يوق. ئۈستۈنكى جىلغىغا قاراپ ئازراق ماڭسام، ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ياتسام، بۇ ئىككى ئەبلەخ گىلدىڭشىپ ئالدىمغا كەلدى. چاچراپ ئورنىمدىن تۇرۇپ، هەر ئىككىسىنى دۈم يېتىشقا بۇيرۇدۇم. بىرسىنىڭ ئالدىغا ئارغامچىنى تاشلاپ يەنە بىرسىنى باغلاتتىم. باغلاۋاتقىچە ئۇ سەل قارشىلىق قىلىۋىدى، قورالنىڭ پايىنىكى بىلەن بېلىگە بىرنى ئۇرسام شۇ هامان ياۋاشلاپ قالدى. باغلىنىپ بولغىنىنى قوپارماي تۇرۇپ، يەنە بىرسىنى ئۆزۈم باغلىدىم. ئۇ، ئانچە قارشىلىق قىلمايلا ياتتى. ئىككىسىنى يەنە باشقا ئارغامچا بىلەن چېتىپ، ماڭغىلى ئۇنىمىسا، پاينەك بىلەن ئۇرۇپ ئالدىمغا سېلىپ هەيدەپ كەلدىم.

— ئۇلارنى ئېلىپ كىرسىلە، كۆرۈپ باقاي.

تاغىل زەنجىر سىلكىپ توختىماي قاۋايتتى. سېلىم ئاكا پۇختا باغلانغان ئىككى قاچقۇننى ئۆيگە ئېلىپ

كـىـردى . ئۇلارنـى تونۇپ ، هاياجاندىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بىرى ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن 10 يىـل ، يەنە بىرى بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن سەككىز يىـل كېسىلگەن بولۇپ ، هەر ئىككىسى ئوتتۇرا ياشلاردىكى تـەمبـەل جـىـنـايـەتـچـىـلـەر ئىدى . ئاچلىق ، هارغىنلىق ، ۋەهـىـمـىـدىـن ئۇلارنـىـڭ رەڭگـى تـاتـىـرىـپ ، كۆزلىرى پـىـلـدىـرلاپلا قـاپـتـۇ . مېنى كۆرۈپلا يەرگە قاراپ ئۈن - تـىـنـسـىـز تـۇرۇشـتـى . سېلىم ئاكا ئۇلارغا سۇ ئىچۈرۈپ ، كـۆمـەچ يېگۈزۈپ قويدى . تۇخان قورقۇپ يېنىمدىن نېرى كـەتـمـەي گـەپ - سـۆزسـىـز ئولتۇردى . هايال ئۆتمەي ، ئـىـكـكـى قـاچـقـۇن ئۇيـقـۇغـا كـەتـتى . بۇ ئىككى قاچقۇن جـىـنـايـەتـچـىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا تاڭ ئاتقۇچە سېلىم ئاكا بىلەن مەسلىهەتلەشتۇق . ئاخىر ، سېلىم ئاكـا ئـىـكـكـىسىنى قايتىدىن باغلاپ ، مەندىكى كويزا بىلەن بـىـر - بـىـرىـگـە چـېـتـىـپ ، باشئەگىم يېزىسىغا ئاپىرىپ ، يـېـزىـلـىـق سـاقـچـىـخـانىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ، مېنىڭ ئەهۋالـىـمـنـى يـېـزىـلـىـق هۆكۈمەتكە ، يېزىلىق هۆكۈمەت خـىـزمـەت ئورنـۇمـغـا خـەۋەر قـىـلـىـدىـغـان بـولـۇپ مەسلىهەتلەشتۇق .

ئەتـىـسـى تـاڭ ئېـتـىشى بىلەن تەڭ سېلىم ئاكا ئوۋ مـىلتىقىغا 10 تال زاپاس ئوق تەييارلاپ ، ئېشەككە ئوزۇق - تـۈلـۈك ئارتـىـپ ، مېنىڭ خىزمەت كىنىشكام بىلەن ئىككى قـاچـقـۇنـنـىـڭ مـەندىكى هۆكۈمنامىسىنى ئېلىپ ، ئۇلارنى

ھەيدەپ مىڭىشقا تەرەددۇت قىلدى . ئۇلار ماڭىدىغان چاغدا ، مەن قاچقۇنلارغا نۇرغۇن نەسىھەت ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ، سىلىم ئاكىغا ئۆزىنى قوغداش توغرىسىدا خېلى كۆپ تاپىلىدىم .

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۇ تاغ جىلغىسىدا تۇخان ئىككىمىز قالدۇق . سىرتتا تاغىل پات - پات قاۋىسا ، جىلغىدا ئوتلاۋاتقان قوي - كاللار مەرەپ - مۆرىشىپ ، ئىككىمىزدىن باشقا جانلىقلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسلىتەتتى . مېنىڭ ئەس - يادىم سىلىم ئاكىنىڭ قاچقۇنلارنى يېزىغا ساق - سالامەت ئېلىپ بارغانلىق خەۋىرىنى تېزراق ئاڭلاشتىلا قالدى . دادىسىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان تۇخان ناھايىتى شۇك بولۇپ كەتتى . سىلىم ئاكا مېڭىشتىن بۇرۇن ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران ئىككى قېتىم تەرەت قىلغان ئىدىم . تاماقنى كۈندىن - كۈنگە كۆپ يېگەنلىكىم ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر قېتىم تەرەت قىلاتتىم . دۇنيادا ، ئادەمگە ئۆزى بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر گۈزەل قىزنىڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ تەرەت قىلدۇرۇپ قويۇشىدىنمۇ خىجىل بولارلىق ئىش بولمىسا كېرەك . سىلىم ئاكا كەتكەن كۈنى تەرىتىم قىستاپ كەتتى . تۇخان دادىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە پات - پات : « تەرەت قىلامىلا ؟ » دەپ سوراپ تۇرغان بولسىمۇ ، خىجىل بولۇپ ، دەسلەپتە « ياق » دېدىم ، ئاخىر « ھەئە » دېمەسلىككە ئىلاج بولمىدى . ئۇ ، ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم تالاغا چىقىپ ، قوي -

كالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ دادىسىنىڭ يولىغا قارىغاندىن، تاغىل بىلەن بىرىپ سۇ ئەكەلگەندىن باشقا ۋاقىتتا يېنىمدا ئولتۇرۇپ، بىردەم ئۇستۇمنى تۈزەشتۈرسە، بىردەم مېنى يۆلەشتۈرۈپ دۇمبەمنى تۇتۇپ قوياتتى. مېنى دەپ تاماق تەييارلايتتى. كېچىلىرى، يېنىمغا سېلىنغان تېرە ئۇستىدە مەن ئۇخلىغىچە ئولتۇرۇپ، مەن ئۇخلىغاندىن كېيىن، بېشىنى تىزىغا قويۇپلا ئۇخلاپ قالاتتى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ، مەنمۇ تۇخاننىڭ ياردىمىسىز ئولتۇرالايدىغان، تەرەت قىلغاندا بۇرۇنقىدەك قىينالمايدىغان بولدۇم. پۇت ـ قولۇمنىڭ ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە خېلى قويۇپ بەردى. ئەمدى بۇ يەردىن — ماگا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلغان شەپقەتچىلەردىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، يۈرىكىم بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى. ئالتىنچى كۈنى ئەتىگەن ئويغانسام، تۇخان كۈندىكىدەك، ماگا ناشتىلىق، يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇشقا سۇ تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى غىزالاندۇرۇپ بولۇپ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. بىز تا بۈگۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ تۈزۈكرەك پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدۇق. بۈگۈن ئۇ باشقىچە كۆرۈنەتتى. ماگا دەيدىغان، ئەمما دېيەلمەيۋاتقان گېپى باردەك قىلاتتى.

— ئۆيلىرى نەدە؟

— ناھىيىدە.

— ئاتا - ئانىلىرى بارمۇ ؟

— بار ، بىز ئالتە بالا ، مەن بەشىنچىسى ، ئىككى ئاچام ، ئىككى ئاكام ، بىر ئۇكام بار .

— ئايالىلىرى بارمۇ ؟

— ياق .

— قانچىگە كىرلە ؟

— 25 كە .

— 25 كە كىرگىچە توي قىلمىلىما ؟

— ياق . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقىلى تۆت يىل بولدى . سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز ؟

— دادامنىڭ دېيىشىچە بۇ يىل 18 گە كىرىپتىمەن .

— سىز مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانمۇ ؟

— ھەئە . مەنلا ئەمەس ، دادام ، دادامنىڭ دادىسىمۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان ئىكەن .

— نېمىشقا ئادەم بار يەرگە كەتمەيسىلەر ؟

— بوۋام بىلەن ئانامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە ، ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتكىمىز كەلمەيدۇ .

— ناھىيىگە پات - پات بېرىپ تۇرامسىلەر ؟

— چوڭ بولغانلىقىمىزى بۇلتۇر دادام بىلەن بىر قېتىم باردىم .

— شەھەر ياخشىمىكەن ؟

— ياخشىلىقى ياخشىكەن ، بىراق ئادەم بەك جىقكەن .

— ئادەم جىق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ئادەم يوق يەردە چوڭ بولغاچقا بەك سىقىلىپ قالىدىكەنمەن .

— سىز دادىڭىز بىلەن بوۋىڭىزغا ئوخشاش قىرىغۇچە مۇشۇ يەردە تۇرماقچىمۇ ؟ مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىدىڭىز ھەقىچان .

— ھەئە ، ئوقۇمىدىم ، لېكىن دادام ئۆگىتىپ قويغان ئايەتلەرنى ئوقۇيالايمەن .

— سىز مەندىن خاپا بولمىغانسىز ؟

— ياق ، نېمىشقا خاپا بولىمەن ؟ سىلى دېگەن ئاغرىق تۇرسىلا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆزۈم خالاپ شۇنداق قىلدىم .

— كېيىن بۇ يەرگە كەلسەم مېنى قارشى ئالامسىز ؟

ئۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى :

— كەلسىلە قارشى ئالىمىز ، مەن سۇ ئەكىلىدىغان جىلغا ئۈستىدە بىر قارىغايلىق بار ، مەن سىلىنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلىمەن .

— كەلمىسەمچۇ ؟ خاپا بولامسىز ؟ — دېدىم مەن ئۇنى سىناش نەزىرىدە .

— كەلمىسىلىمۇ مەيلى ...

ئۇ ، يەرگە قاراپ جىم تۇردى . ئىككى تامچە سۈپسۈزۈك ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى .

مەن ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتۇم. ئۇ قولىنى ئىتتىك تارتىۋالدى.

— مەن سىلىگە چاي ئەكېلىپ بېرەي.

ئۇ يېنىمدىن كەتتى، ئاستا بېرىپ، يېشىنى سۈرتكەچ ئوچاققا ئوتتۇن سېلىشقا باشلىدى. ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ مەيۈس، ئەمما گۈزەل رۇخسارىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. مىسكىنلىك ئۇنىڭ نازۇك يۈزىنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىم قەلبىمنى زىلزىلىگە سالدى. چۆگۈندىكى چاي قايناپ تېشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تۇخان ئوت قالاشنى توختاتمىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنىڭغا خىتاب قىلدىم:

— تۇخان!... ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يەرگە قارىغىنىچە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بەدىنى ياپراقتەك تىترەيتتى، — تۇخان، ئەگەر سىز مېنى كۆرمىگەن بولسىڭىز مەن ئاللىبۇرۇن قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولاتتىم. نەچچە كۈندىن بېرى. ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدىڭلار. سىلەرنىڭ شەپقىتىڭلارنى قانچە قىلسامۇ ئۆمۈر بويى تۆگىتەلمەيمەن. دادىڭىز خەۋەرنى مەلۇم قىلغان بولسا، مەن ئۆزاققا قالماي بۇ يەردىن كېتىمەن. بارغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانامغا، خىزمەتداشلىرىمغا سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى دەپ بېرىمەن، بۇنى ئاڭلىسا ئۇلار سىزدىن خۇش بولىدۇ.

— ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق.

— ئالدىرىماڭ، گېپىم تېخى تۈگىمىدى. مەن ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن.

مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم، ئۇ تېخىمۇ ئېسەدەپ كەتتى.

— سىلى كېلىپ ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىلا؟ باشئەگىم جىلغىسىدا مەندەك بىر يالغۇز قىزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلىلا مەن خۇش بولىمەن.

ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئاستا تارتىپ، جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— تۇخان، مۇھەببەت ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ، خۇدا بۇ يەردە سىزنى ماڭا ئۇچراشتۇردى، تېنىمدىن ئېلىپ بولغان جېنىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن تەگرىم بىزنى چوقۇم مۇرادىمىزغا يەتكۈزىدۇ.

— مەنمۇ سىلىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشلىرىنى ئويلىسام...

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن يەنە كېلىمەن. مەن ساقىيىپ كەلگەندىن كېيىن، سىز مېنى ھېلىقى قارىغايلىققا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلىسىز.

تۇخانىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان پاك سۆيگۈسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن پۇت - قولۇمنىڭ ئاغرىقى بىلىنمەي،

كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. توققۇزىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە تاتلىق ئۇخلاۋاتسام، تۇخان قولۇمدىن تارتىپ ئويغىتىپ، دادىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىردەمدىن كېيىن، سېلىم ئاكا ناتونۇش ئۈچ ئادەمنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. مەن ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، سېلىم ئاكىدىن ئەھۋال سورىدىم.

ئۇ ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئوتتۇرا ياشلاردىكى سېمىز ئادەم جاۋاب بەردى:

— ئۇكام، سىز ئەنسىرىمەڭ، ئۇ جىنايەتچىلەرنى ساق - سالامەت ئاپىرىپتىكەن، ئەتىسلا ساقچىخانىنىڭ ئىككى ساقچىسى ئۇلارنى ناھىيىگە ئېلىپ ماڭدى. سىزنىڭ ئىش ئورنىڭىزغىمۇ خەۋەر قىلغىلى مەخسۇس ئادەم كەتتى. ناھىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىش ئورنىڭىزدىكىلەر يېتىپ كەلگۈچە سىزنى يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تۇرىدىغان بولدۇق، بۈگۈنلا يولغا چىقىمىز.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، سېلىم ئاكا ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇردى. ماڭا گەپ قىلغان كىشى يېزا سېكرېتارى، يەنە بىرسى يېزا باشلىقى، ئۈچىنچىسى دوختۇر ئىكەن. دوختۇر مېنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

— سۇنۇق جايىغا چۈشكەندەك تۇرىدۇ، ھازىرچە تېڭىقتا تەگمەي، بىر تال ئوكۇل ئۇرۇپ قوياي، — دېدى.

بىز تۇخان پىشۇرغان شورپا بىلەن سىلىم ئاكا ئالغاچ كەلگەن ناندا غىزالاندۇق. باشقىلار ھارۋىنى تەييارلىغىلى چىقىپ كەتتى. بۇ يەردىن كېتىش ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى، بىراق كەتمەي ئامال قانچە؟ ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، غەمكىن ھالدا قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان تۇخاننى چاقىرىپ يېنىمغا ئولتۇرغۇزدۇم ۋە ياستۇق ئاستىدىكى سائەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتۇم:

— تۇخان، بۇ سائەت مەندىن يادىكار بولسۇن، بۇنى سىزگە قالدۇرۇپ كېتەي.

ئۇنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ، جىلىتكىسى ئىچىدىن مېنىڭ كۆز ياشلىرىم سىڭگەن ھېلىقى تاۋار ياغلىقنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

— تۇخان، سۇنۇق دېگەن ئۇچ ئايدا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، مەن چوقۇم كېلىمەن، مېنى ساقلاڭ.

ئۇنىڭ بارغانچە ئەدەۋاتقان يىغىسىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. كۆزۈمدىن تامغان ياش يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى.

مەن باشقىلارنىڭ ياردىمىدە، ھارۋا ئۈستىگە چىقىپ جايلاشتىم. سىلىم ئاكا قولۇمنى چىڭ سىقتى.

— بالام، شارائىتىمىز ناچار بولغاچقا سىلىگە تازا ياخشى قارىيالمىدۇق، ھەرگىز خاپا بولمىسىلا، خۇدا تېزراق شىپالىق بىرەر.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە سىلىم ئاكا، مەن

سىلەرگە بىر ئۆمۈر قەرزدار، مەن يەنە كېلىمەن.

سېلىم ئاكا ۋە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان تۇخان بىلەن ئامانلىق تىلەپ خوشلاشتىم.

ھارۋا ئوڭغۇل - دوڭغۇل جىلغا يولىدا ئىرغاڭلاپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ساق قولۇمنىڭ ياردىمىدە بەكرەك ئۆرە بولۇپ، يىراقتىكى سۆيۈملۈك ئىككى گەۋدىنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ ماڭدىم.

باشئەگىم جىلغىسىدىن ئايرىلىپ ساق ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پۇت - قولۇم پۈتۈنلەي ساقايدى.

مەن ئاز - تولا تەييارلىق قىلىپ باشئەگىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. بىر كۈن ماشىنىدا، ئىككى كېچە - كۈندۈز پىيادە يول ماڭغان بولسامۇ، قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى، خىيالىمدا بىر گۈزەل مەنزىرە قايتا - قايتا ئەكس ئېتەتتى: ئەنە، سۆيگۈ تەشنالىقىدا تاقەتسىزلەنگەن تۇخانىنىڭ ئالا بويناقنى ئەگەشتۈرۈپ، تاغنى تىترەتكۈدەك جاراڭلىق كۈلكىسى بىلەن سېخىي قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىشى، ئەنە، بوۋاينىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان پەرىشتىدەك چىرايى...

1996 - يىل، ئاۋغۇست

# بەدەل

تاك ـ تاك ـ تاك ...

ئىشخانا ئىشىكىنىڭ چېكىلىشى ، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بىرنەچچىمىزنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى .

ــ ھە، كىرىڭ،ــ دېدىم مەن قوپالراق تەلەپپۇزدا .

ئىككى ئايال ، بىر ئەر ساقچى كىرىپ ، ئۆزلىرىنىڭ K شەھىرىدىن بەش نەپەر ئايال جىنايەتچىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالىنى شىرە ئۈستىگە قويدى . ئارخىپلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ خىزمەتدىشىم گۈلنۇرغا :

ــ سىز بۇلار بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ ، جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرتۈپ كېلىڭ ، ــ دېدىم .

ئايال ساقچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەش نەپەر ئايال جىنايەتچى ماشىنىدىن چۈشتى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئوخشاشلا قاتىللىق جىنايىتى بىلەن 10 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىلگەن 40 ياشلىق ئايال ، بىرسى دەللاللىق

جىنايىتى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن 50 ياشلاردىكى ئايال ، بىرسى ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن كېسىلگەن 30 ياشلىق چوكان ، ئەڭ كىچىكى ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن ئىككى يېرىم يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن 21 ياشلىق قىز ئىكەن . مەن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمنامىلىرىدىكى ئىسىملىكنى بىر قۇر ئوقۇپ سېلىشتۇرۇپ چىقتىم . 21 ياشلىق قىزنىڭ ئىسمى دىلخۇمار بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن . مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىنىمدا ، ئۇ پېشانىسىگە چۈشۈرۈۋالغان چاچلىرىنى قولى بىلەن ئارقىسىغا قايرىپ پەس ئاۋازدا :

— مەن شۇ — ، دېدى — دە ، ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى سۈرتكەچ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كەيپىياتىمغا ئېغىر تەسىر قىلدى . گۈلنارغا ئۇلارنى ئاياللار ئەترىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ساقچىلارنى باشلاپ ئىشخانىغا كىرىپ كەتتىم . دىلخۇمار ئىسىملىك بۇ جىنايەتچىنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇقراق بىلىپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنىڭ ھۆكۈمنامىسىنى كۆردۈم .

« دىلخۇمار سابىر ، 21 ياش ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە . شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ كاسسىرى ... يالغاندىن نەق مەيدان ياساپ ، ئىدارىسىنىڭ 10 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئوغرىلىغان » .

ھەي نادان قىز ، نېمىشقىمۇ ئۇنداق ئەسكى

ئىشلارنى قىلغانسىز ، مانا ئەمدى قانداقمۇ قىلارسىز ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئىچىمدە .

ئەتىسى ئەتىگەن گۈلنۇر بىلەن ئاياللار ئەترىتىگە باردىم . بۇ ئەترەتتە 280 گە يېقىن ئايال جىنايەتچى بولۇپ ، ئۇلارنى باشقۇرىدىغان كادىرلارمۇ ئاياللار ئىدى . ئۇلار ، ئورنىمىزغا كۆتۈرە قىلىپ بېرىلگەن 400 مو تېرىلغۇ يەر ، ھەربىرى 50 مودىن كېلىدىغان ئالمىلىق ئىككى باغدا ئىشلەيتتى . مەن ، باشقۇرۇپ تەربىيلەش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ ئەترەتكە پات - پات بېرىپ تۇراتتىم . ئاياللار ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۈلسۈمنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن ، تۈنۈگۈن ئەكەلگەنلەر ئىچىدىكى دىلخۇمار دېگەن جىنايەتچىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىپ ، كۆزىدىن ياش قۇرىمايۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم .

— ئۇنىڭغا تەربىيە بەرمىدىڭىزمۇ ؟ — سورىدىم مەن گۈلسۈمدىن .

— تەربىيە بەردىم ، بىراق ئۇ پەقەت گەپ قىلغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ ، — دېدى گۈلسۈم نارازى بولغان قىياپەتتە .

— ئىسمىڭىز نېمە ؟ — سورىدىم مەن دىلخۇمارنى سوراق قىلىپ ، ھېچ ئىشنى ئۇقمىغان قىياپەتتە .

— ...

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ — قاتتىقراق ئېيتتىم ، مېنىڭ جىنايەتچىنى « سىز » دېگەنلىكىمدىن ھەيران

قىلىۋاتقان گۈلسۈم بىلەن گۈلنۇرنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن.

— ئاڭلىدىم، ئىسمىم دىلخۇمار.

— قاراڭ دىلخۇمار، ئاڭلىسام بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى گەپ قىلماي تۇرۇۋاپسىز، تاماقمۇ يېمەپسىز، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر ھۆكۈمگە نارازى بولسىڭىز، ئەرز يازسىڭىز بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنسىز، ئۆز خاتالىقىڭىزنى تونۇپ، ياخشى ئۆزگىرىشىڭىز شەرت. تاماق يېمەي، كۈن بويى يىغلاپ يۈرسىڭىز زادى بولمايدۇ. ھۆكۈمنى ئوقۇدۇم، ئىككى يېرىم يىل ئىكەن، ياش ئادەم دېگەن ئىرادىلىك بولۇشى، بۇ گۈننى ئەمەس ئەتىنى — يىراق كەلگۈسىنى ئويلىشى كېرەك. ئەگەر ئىپادىڭىز ياخشى بولسا، مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىز.

— ماقۇل، مەن تاماق يەي، — دېدى ئۇ ئاۋۋال گۈلسۈم بىلەن گۈلنۇرغا، ئاندىن ماڭا قاراپ.

— تۇرسۇن كوجاڭ، سىلىنىڭ تاكتىكىلىرى ئەجەب يامانكەن - ھە؟ — دېدى گۈلسۈم كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام، — بىز شۇنچە قىلىپمۇ زۇۋانغا كەلتۈرەلمىگەن ئادەمنى بەش مىنۇتتا شامدەك ئېرىتىۋەتىلە.

— ئۇ ھازىر قانداقراق؟ — سورىدىم مەن قىزىقسىنىپ.

— سىلى كەتكەندىن كېيىن باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، كېيىم ئالماشتۇرۇپ تاماق يېدى، — دەپ گەپ باشلىدى گۇلسۇم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئۆيدىكىلەرگە خەت يازىمەن دېگەن ئىدى، قەغەز ـ قەلەم ئەكىرىپ بەردىم. بايا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ ناھايىتى كەم سۆز ئىكەن، پەقەت سۆيگەن يىگىتىنىڭ، «پۇلنى ئوغرىلىساڭ بالدۇرراق ئۆي سايمانلىرى ياساپ، ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ، توي تەييارلىقىنى قىلساق» دېگەن گېپىگە ئالدىنىپ، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان 10 مىڭ يۈەن پۇلنى يىگىتىگە ئوغرىلاپ بېرىپتۇ.

نېمىشقىدۇر دىلخۇمارغا بولغان غايىبانە ھېسداشلىقىم يەنە قوزغالدى... ھەي تۇرمۇش، سەن ئادەملەرنى نېمە كويلارغا سالمايسەن ـ ھە ؟! ئادەم سەللا بىخۇدلۇق قىلسا، سەن رەھىمسىز چاڭگىلىڭ بىلەن بوغۇپ، تۈگىمەس ئازابلارغا مۇپتىلا قىلىسەن. قاراپ تۇرۇپ دىلخۇماردەك بىر گۈزەل قىزنى بىر ئالدامچىنىڭ قۇربانى قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغىنىڭ نېمىسى ؟ ھەي تەقدىر، ھەي تەتۈر قىسمەت...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى، ئىشخانىغا يۇزۇر كىيىنگەن، سالاپەتلىك بىر ئادەم كىرىپ، قىزى دىلخۇمارنى يوقلاش ئۈچۈن K شەھىرىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سىلى نېمە ئىش قىلىلا ؟ — سورىدىم مەن

دىلخۇمارنىڭ دادىسىدىن.

— K شەھىرىدە ئىككى ئورۇندا كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتۇم بار، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ، — تىجارەت قىلىمەن. دىلخۇمارنىڭ ئانىسى 10 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. قايتا ئۆيلەنمىدىم. ئىش ـ ئوقىتىم يامان ئەمەس، ئۆتكەن يىلى ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدىم. بىر قىز دەپ كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلىپ ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتتۇم. لازىم دېسە، قانچىلىك ئىشلەتسە يېتىپ ئاشقۇدەك پۇلۇم بار. قولىنى نەگە ئۇزاتسا شۇ يەرگە يېتىدۇ. ئۆزۈممۇ بىلمەيلا قالدىم، كۆز تەگكەندەك، بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتۇ. تەشكىلگە: «ئۇ ئوغرىلىغان پۇلنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىنى دېسەڭلارمۇ تۆلەپ بېرەي، قىزىم تۈرمىدە ياتمىسۇن» دېسەم، ئۇنىمىدى. قىزىمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ھازىرغا قەدەر ئىشەنمەيمەن. ئۆزىدىن سورىسام، «راست، شۇنداق قىلدىم» دەيدۇ. قىز بالا تۇرۇپ «ئوغرى» دېگەن ئاتاق بىلەن تۈرمىدە ياتسا سەتچىلىك ئەمەسمۇ؟ كىشىلەر «دادىسى چوڭ باي، قىزى ئوغرى» دېسە نى ئات، نى نومۇس دەگە ئۇكام.

ھېچ بىلمىدىم، كۆڭلەرنىڭ ئۆتنۈشى بىلەن دىلخۇمارنى پات ـ پات ئەسلەيدىغان، يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئايالىلار تۈرمىسىگە بېرىپ تۇرىدىغان؛

دىلخۇمارمۇ دائىم مېنى كۆرسە يەر تېگىدىن قارايدىغان بولۇپ قالدۇق. ماڭا نېمە بولدى؟ بىر ئوغرى جىنايەتچى قىز كۆڭۈل تۆرەمگە كىرىۋالدىغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر شەھەرلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن يېقىنچىلىق قىلغۇم كېلىۋاتامدۇ يا؟ ياق، بۇ ئادەتتىكى سەزگۈ ئەمەس، بۇ تولىمۇ نازۇك، ئاجايىپ سىرلىق بىر هال.

دىلخۇمارنىڭ ئەتىرىتىمىزگە كەلگىنىگە توققۇز ئاي بولۇپ قالدى. بىر كۈنى گۈلسۈم ئىشخانىغا كىرىپ، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئەترەتتە «مەن قانداق ئادەم؟» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، بۇ كېچىلىكتە بىرقانچە جىنايەتچىنىڭ ئەسەر ئوقۇيدىغانلىقىنى، بۇ ئەسەرلەرنى مېنىڭ كۆرۈپ، قول قويۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ «دىلخۇمار سابىر» دېگەن ئىسمغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمىغا قاراپ بىر هازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يازغان نەسرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«مەن قانداق ئادەم؟ مەن بىر جىنايەتچى، جىنايەتچى بولغاندىمۇ، ئۆز لاتاپىتىمگە ئەسلا ماس كەلمەس جىنايەت سادىر قىلغۇچى. مەن جىنايەتچىلەرنى ئۆچ كۆرەتتىم، يىرگىنەتتىم. ئەپسۇس، دادامنىڭ، مەن ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسەممۇ ئاشقۇدەك پۇللىرى تۇرۇپ 〈جىنايەتچى〉 دېگەن ئىسىم بىلەن

ئۆزگىرىۋاتىمەن. مەن ئۇنچە كالتا پەملەردىنمۇ ئەمەس. بىراق، باغرى يۇمشاقلىق ۋە ساددىلىقىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ، مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى. ئەمدى ھوشۇمنى يىغسام، مەن بىر قىسىم رەزىل ئادەملەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتىمەن. ئادەم يەك رەھىمدىل بولۇپ كەتسىمۇ، بىخۇدلۇق قىلىپ ئىشقا سەل قارىسىمۇ تۈگىمەس ئازابلارغا قالىدىكەن. مەن بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئىشىمغا قارا ساناپ ئوغرىلىق قىلدىم. بۇ نومۇسلۇق نامغا قالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن يىرگىنىپ، ئۆلۈپلا تۈگىشەي دېگەن ئويغا كەلگەن بولساممۇ، بۇ يەردىكى ياخشىلار تەربىيە ئىشلەپ، ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ھايات شامىمنى قايتا ياندۇردى. مەن شۇئان ئۆزۈمگە 《بۇ ئوغرىلىقنى زادى نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن قىلدىم》 دېگەن سوئاللارنى تەكرار قويۇپ، ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ياشاش قارارىغا كەلدىم. مانا ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارغا مىڭ پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. مېنىڭ ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامالىم يوق.

ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ھۆرمەتلىك دادا، ساۋاقداش، خىزمەتداشلار مېنى كەچۈرۈڭلار. مەن گۇناھىمنى يۇيۇپ، ئالدىڭلاردا بېشىمنى راۋۇرۇس كۆتۈرۈپ دادىل قەدەم تاشلايمەن، ئاق قالغان ئۆمۈر خاتىرىسىنى ئۆچمەس ئىزلار بىلەن تولدۇرىمەن. مەن ھازىر ھەقىقىي چىقىش يولۇمنى تاللىدىم. ئالدىڭلاردا شۇنى

جاكارلايمەنكى، دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ كەتكىنى يوق. رەزىللىشىپ كەتكەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ناۋادا مۇمكىن بولسا، ئالدى بىلەن ئادەملەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان رەزىللەرنى زېمىندىن پاك - پاكىز تازىلاپ، جەمئىيەتنى پاكلاشتۇرغان بولاتتىم. بىراق، ئۇنداق قىلىشقا ھازىرچە ئاجىزمەن. مەن بۇ يەردە ياخشى ئۆزگىرىپ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن تۇرمۇش يولۇمنى قايتا تاللاپ، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىمەن، پاك ئادەملەرگە پاك قەلبىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن».

پىلان بويىچە، ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئاياللار ئەترىتىدە «مەن قانداق ئادەم؟» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. دىلخۇمار نەسرنى ھېسسياتلىق، تەسىرلىك ئوقۇپ، ھەممىنى تاڭ قالدۇردى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، دىلخۇمارنىڭ سەھنىدىكى كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى ئازابلاشقا باشلىدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇچقۇنلار سۆيگۈ يانغىنىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. دىلخۇمارنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن بولسامۇ، ئۆزۈمنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ھەرىكەتلىرىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئاياللار ئەترىتىگە كەمدىن - كەم بارىدىغان بولدۇم. دىلخۇمارلار بىزنىڭ ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى

باغدا ئىشلىگەچكە، پۈرسەت بولسىلا ئىشخانىدىن چىقىپ، باغ تېمىغا تارتىلغان چىگرا سىمىنىڭ ئارىلىقىدىن قاراپ ئۇنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇنى كۆرسەم يۈرىكىم ئارامغا چۈشۈپ قالاتتى. دىلخۇمارمۇ مېنى كۆرمەكچى بولغاندەك، مېنى ئاسانراق كۆرسۇن دېگەندەك باغنىڭ چېتىدە — چىگرا سىمىنىڭ يېنىغىراق بېرىپ ئەمگەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كالتا چاچ قويۇپ، بېشىغا چىغ قالپاق، ئۇچىسىغا مەھبۇس كىيىمى كىيىپ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي ئەمگەك قىلىۋاتقان چاغلىرىنى كۆرگەندە، يۈرىكىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كېتىشلىرىدىن ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلدىم.

— قاراڭ، — بۇ تونۇش ئاۋاز مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. شاخ ئۈستىدە تۇرغان دىلخۇمار قولى بىلەن باغنىڭ ئوڭ تەرىپىنى شەرەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. دىلخۇمارنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن زادىلا كۆزۈمنى ئۈزگۈم كەلمىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، خۇدۇمنى يوقىتاي دەپ قالدىم. ئۇ، مېنىڭ تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشۇمدىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ، تۆۋەن ئاۋازدا:

— تۇرسۇن كوچاك، ئالما ئۈزۈپ بېرەيمۇ؟ — دېدى.

— بولدى، سىزنى گۈلسۈم چاقىرىۋاتىدۇ، تېز بېرىڭ، — دېدىم تەستە ئەسلىمگە كېلىپ. ئۇ ئالما دەرىخىدىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ، سېۋەتنى

كۆتۈرۈپ گۈلسۈم چاقىرغان تەرەپكە كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ كەتتىم.

دىلخۇمارنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە 14 ئاي بولاي دېدى. ئادىتىم بويىچە ئاياللار تۇرمىسىگە پات ـ پات بېرىپ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان بولسامۇ، قەلبىمنى ئىزهار قىلالماي يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن تېخىمۇ ئازابلىناتتىم. گاهىدا كىرپىك قاقماي ئۇنى ئويلاپ چىققىدىغان، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش مۇددىتىنىڭ بالدۇرراق توشۇشىنى تىلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

دىلخۇمارنىڭ بىر يىللىق مۇددىتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئايالار ئەترىتىدىن بۆلۈمگە يوللىغان ماتېرىيالنى ئۆز قولۇم بىلەن تېخىمۇ پۇختا يېزىپ، رەھبەرلىكنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرمە بويىچە يېزىلغان «جازا قىسقارتىش ماتېرىياللىرى» نى يىغىپ، ئوتتۇرا سوتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن K شەھىرىگە كەلدىم. سوتتىكىلەرنىڭ مۇشۇ ئاي ئاخىرىغىچە ھۆكۈمنامىنى چىقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم.

«دىلخۇمارنىڭ بىر يىللىق ۋاقتى راستىنلا قىسقارتىلارمۇ ياكى ئۆزگىرىش بولارمۇ؟» دېگەندەك خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتسام، بىر كىچىك ماشىنا تۇيۇقسىز قاتتىق تورمۇز قىلىپ ئۇڭ تەرىپىمنى سوقۇۋەتتى. ئوڭ پۇتۇم چىدىغۇسىز ئاغرىپ يىقىلدىم. شوپۇر دوختۇرخانىغا

ئېلىپ باردى. پۇتۇم قاتتىق ئاغرىپ زادىلا چىدىيالمىدىم. ھەش - پەش دېگۈچە پۇتۇمنى رەسىمگە ئېلىپ، سۇنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، گەجدە قاتۇرۇپ قويدى. ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، دوختۇردىن ئۇخلىتىش ئوكۇلى سېلىپ قويۇشنى ئۆتۈندۇم.

بىر چاغدا ئويغانسام، تەڭ كېچىدىن ئۆتۈپ، سائەت تۆت بولۇپ قاپتۇ. يېنىمدا ئانام، دادام ۋە سىڭلىم يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ ئويغانغانلىقىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئەھۋالنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. دوختۇرخانىغا كىرىپ تۆتىنچى كۈنى تۇرمە رەھبەرلىرى، بۆلۈمدىكى خىزمەتداشلار، يېقىن ئۆتىدىغان دوستلار يوقلاپ كەلدى. بىچارە گۈلنۇر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، كۆزلىرىدە غىلدىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرغىنىچە ياتاقتىن ئىلاجىسىز چىقىپ كەتتى. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانچە قىزىقىش يوق، پۈتۈن ئەس - يادىم دىلخۇمار بىلەنلا قالغان ئىدى. كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقىلى بىر ئاي توشقان كۈنى تولىمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش يۈز بەردى، ئۇلاپ ئېسىلىۋاتقان ئاسما ئوكۇل دەستىدىن زېرىكىپ، يەنە شۇ دىلخۇمارنى ئويلاپ ياتاتتىم، قولىدا سومكا كۆتۈرگەن دىلخۇمار ياتاق ئىشىكى ئالدىدا ھازىر بولۇپ، مېنى تاڭ قالدۇردى.

— كېلىڭ دىلخۇمار، سىزنى كۆرۈپ، — دېدىم كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي.

— دادام ئاغرىپ قاپتىكەن، بەش كۈنلۈك رۇخسەت بەرگەن، سىزنىمۇ يوقلاپ كېلىشىم، — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتىش، قورۇنۇش كەيپىياتىنى يوشۇرالماي.

ئىچىمگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىق يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. قوشنا كارىۋاتتىكى بىمار تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، مەن يالغۇز قالغان ئىدىم. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، دىلخۇمارنى خىجىللىقتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن گەپ باشلىدىم:

— قاچان كەلگەن؟

— بۈگۈن ئەتىگەن، — دېدى ئۇ ئىككى تامچە ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزىنى ئاۋۋال ماڭا تىكىپ، ئاندىن يەرگە قاراپ.

— جازا قىسقارتىش ھۆكۈمنامىسىنى قولىڭىزغا ئالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— قانچىلىك قىسقارتىلىپتۇ؟

— بىر يىل.

— شۇنداق قىلىپ بۇ كۈنلەرمۇ ئاز قاپتۇ، دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟

— خېلى ياخشى.

— مېنىڭ بۇ دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— گۈلسۈم دەپ بەرگەن.

— بۇمۇ بىر كېلىشمەسلىك، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. بىراق يول ماڭالماي زېرىكىدىغان گەپكەن.

— سىزگە كىم قاراۋاتىدۇ؟

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خىزمەتتە، دەسلەپ دادام قارىغان، ھازىر ھاجىتىمدىن ئۆزۈم چىقىۋاتىمەن. ئۇلار كۈنلۈكى ئۈچ ۋاخ يوقلاپ، تاماق ئەكېلىپ تۇرىدۇ.

— سۇنۇقنى بەك ئاغرىيدۇ دېيىشىدۇ، قانداقمۇ چىدىغانسىز؟

— ئامال قانچە؟ چىدىدىم. ھازىر ئانچە ئاغرىمايدۇ. دوختۇرلار يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن راۋۇرۇس ماڭغۇدەك بولىسىز، دەيدۇ. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيدە ئارام ئالسام بولىدىكەن.

دىلخۇمار بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، ئاغزىدىن چىقارمايلا يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلاشقۇم بولسىمۇ، قەستەن:

— سىزنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، ئاران كەلگەندە بارىدىغان يەرلەر، كۆرۈشىدىغان ئادەملەر بولغىيتتى، — دېدىم.

— ئوشۇقچە ئويلاردا بولماڭ، مەن پەقەت دادام ئىككىڭلارنى يوقلاش ئۈچۈنلا رۇخسەت سورىغان. مەن چىقاي، ھېلى باشقىلار كۆرۈپ قالسا خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن.

— يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدىم مەن دەملاتتىن نېمە دېيىشىمنى ئۇقالماي، — سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويۇپتىمەن.

— ناۋادا باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسىڭىز ئەتە يەنە كېلىمەن، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن چىقتۇۋېتىپ.

راست دېگەندەك دىلخۇمار ئەتىسى يەنە كەلدى. بىز تونۇشقىنىمىزغا قارىغاندا ئوچۇق - يورۇق، ئازادە پاراڭلاشتۇق. ئۇ، مېنى ئوقۇسۇن دەپ تۆت پارچە ھېكايىلار توپلىمى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغان كىچىك بالىدەك بىر خىل قىياپەتتە ماڭا قاراپ، ئورنىدىن ئاستا تۇردىيۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ سورىدى:

— ساقىيىپلا ئىشقا چۈشەمسىز؟

— ھەئە.

— ماقۇل ئەمىسە، بۈگۈن دادامنى دوختۇرخانىدىن ئۆيگە يۆتكىمەكچىمىز، تاغام يېرىم كېچە بىلەن يولغا چىقىمىز دەيدۇ، مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. مەن چىقاي، — ئۇ ئىشىك يېنىدا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدىيۇ، گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

ئۇ چىقىپ كەتتى. بارلىق خۇشاللىقىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ كېتىپ، ماڭا خىياللا قالغان ئىدى.

شۈكرى، سۇنغان پۇتۇم ئاخىر ئەسلىگە كېلىپ،

خىزمەت ئورنۇمغا قايتتىم.

دىلخۇمارنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ، قويۇپ بېرىلىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۈگۈن ئىشقا چۈشۈپ تۇراتتىم. گۈلسۈم دىلخۇمارنى ئىشخانامغا باشلاپ كىردى. بۈگۈن دىلخۇمار شۇنچە مۇلايىم، شۇنچە گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىدى.

— سىزنىڭ ئەركىنلىككە چىققانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ چاي تۇتقۇزۇپ، سۆيگۈ يوشۇرۇنغان بىر جۈپ خۇمار كۆزىگە تىكىلىپ.

— رەھمەت كوجاڭ، سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئۇ ئىستاكاننى ئىككى قوللاپ ئېلىپ.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ بۈگۈن سىز ئۈچۈن يىغلايدىغان كۈن ئەمەس، بەلكى خۇشال بولىدىغان كۈن، كۈلۈڭ، — دېدىم مەن ئالدىن تەييارلاپ قويغان «قويۇپ بېرىش گۇۋاھنامىسى» نى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

دىلخۇمار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىمىزدىن كېتىپ، ھەپتىدىن كېيىن، ئادرېسسىز بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم.

«سالام، ھۆرمەتلىك تۇرسۇن ئاكا، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، قايتىپ كېلىپلا سىزگە خەت يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ھازىرغىچە

دېيىش مۇمكىن بولمايۋاتقان سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ گۈنگىچە يازالمىدىم. قولۇمغا قەلەمنى ئالغان بىلەن گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمەي كۆپ ئويلاندىم. قانداقلا بولسۇن يەنە يازدىم. مەن سىزنى، گۈلسۈمنى ۋە باشقا مېھرىبان ئۇستازلارنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشنى ئۆز ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، سىلەر مېنىڭ ئۆچۈش ئالدىدىكى ھايات شامىمنى قايتا ياندۇردىڭلار. سىز، مېنىڭ 《ئوغرى》 دېگەن يىرگىنچلىك، ئۆزۈممۇ ئېغىزغا ئېلىشقا نومۇس قىلىدىغان نامىمنى بىلىسىز. ھەرقاچان، سۆيگۈ ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دەپ چۈشىنىسىز. ئاشۇ ۋاپاسىز ئوغۇلغا ئەگەشكەن قىز قەلبىمۇ تايىنىلىق دەپ ئويلايسىز. مېنىڭ تەشكىلنىڭ پۇلىدىن 10 مىڭ يۈەننى يوق قىلىۋەتكەنلىكىم راست. بىراق، 《تويى قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىتىمگە بەرگەن》 دېگىنىم يالغان. مېنىڭ تېخى بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ باققىنىممۇ يوق. مەن سوراقتا ئاشۇنداق بىر ھېكايىنى توقۇپ چىققان ئىدىم. ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى:

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتاتتىم، ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئىككى ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. ئۇلار خىروئىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىپ، يامان يولغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلىنىپتىكەن. مېنىڭ پۇتۇمغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: 《جېنىم ئاداش، بىز سېنى پاناھ تارتىپ ئۈرۈمچىدىن ئاتايىن كەلدۇق. ئۆيدىكىلەر بۇ ھالىمىزنى كۆرسە، بىزدىنمۇ

بەكرەك تولگىنىشىپ كېتىدۇ. بىز پۇل ئۇچۇن ئىپپەت ـ نومۇسىمىزنى ساتتۇق، باشقىلارغا خورلۇق سېتىشىپ بەردۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بۇ ھالىمىزنى بىلمەيدۇ. سەن بىزگە 10 مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ تۇر، بىز بۇگۈنلا ئۇرۇمچىگە قايتىپ، زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا بېرىپ، پۇل تاپشۇرۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلمساق ھەممىمىز تولگىشىپ كېتىمىز. پۇلۇڭنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمىز ...» دەپ ناله قىلىشتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. دادامدىن پۇل ئالاي دېسەم، ئۇ يوق ئىدى. ئەتە بېرەي دېسەم، ئۇلار ئالدىراپ تۇرۇۋالدى. نېمىلا بولسۇن ئالته يىللىق ساۋاقداشته. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئىدارىدىكى 10 مىڭ يۈەن ئىسمىگە كەلدى ـ دە، ئەتە دادامدىن پۇل ئېلىپ ئورنىغا سېلىپ قويارمەن، دېگەن ئوي بىلەن پۇلنى ئەكېلىپ ئۇلارغا بەردىم. ئۇلار پۇلنى ئېلىپلا غايىب بولدى. بۇ ئىشنى قىلىپ بولۇپلا پۇشايمان يېدىم. تۈن كېچىگىچە ئۇخلىيالماي، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىپ، خىزمەتكە كېچىكىپ قاپتىمەن. ئىدارىغا كىرسەم ھەممەيلەن بىزنىڭ ئىشخانىنىڭ ئالدىغا ئولىشۋاپتۇ. ساقچىلارمۇ كېلىپ بوپتۇ. دەرھال يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالدىم. ئاچقۇچ چۈشۈپ قاپتۇ. ئالدىراشلىقتا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنىمۇ قۇلۇپلىماپتىمەن. ساقچىلار ئىدارە نۆۋەتچىلىك ئۆيىدىن مېنىڭ كېچە كېلىپ كەتكەنلىكىمنى ئاڭلىغاچقا، «پۇلنى ئۆزى ئوغرىلىغان» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ بوپتۇ. ئۇلار مەندىن سوئال سوراشقا باشلىدى. مەن نېمە دەيمەن؟ ساۋاقداشلىرىمنىڭ: «ئائىلىمىزدىكىلەر ئۇقۇپ

قالسا تۇگىشىدۇ 〉 دېگەن گېپى ئېسىمگە كېلىپ بىر ھېكايە توقۇپ چىقتىم. پۇلنى ئالغانلىقىمغا ئىقرار بولغاندىن كېيىن، 〈توي قىلىشقا پۇتۇشكەن يىگىتىمگە بەردىم 〉 دەپ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغان بىر يىگىتكە دۆڭگىدىم ــ دە، ئىشنى تۇگەتتىم.

ھۆرمەتلىك تۇرسۇن ئاكا، ھەقىقىي ئەھۋال مانا شۇ. مەن مەيداندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى ساۋاقدىشىمنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇلارنىڭ بىرسى تېخى كەلمەپتۇ. بىرسى راست دېگەندەك خروئىن چېكىشنى تاشلاپ قايتىپ كەپتۇ. بىر يېرىم يىل تۇرمىدە يېتىش بەدىلىگە بىر ئادەمنى بولسىمۇ شۇ ئاق ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىم، يۈرەك سۆزۈمنى قورقماي ئېيتىشقا سىزدەك بىر ياخشى ئادەم بىلەن تونۇشۇۋالغانلىقىم ئۈچۈن خۇشالمەن. باشقىلار نېمە دېسە بەربىر ...»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆز ــ ئۆزۈمگە: «دىلخۇمار، سىز مېنىڭ قەلبىمنى تېخى چۈشەنمىگەن ئوخشايسىز. مەيلى سىز قانداق ئادەم بولۇڭ مەن ئۈچۈن بەربىر. مەن ھازىر سىزنى تېخىمۇ چۈشەندىم. سىز ھەقىقىي غۇرۇرلۇق، ئەمەلىي بەدەل ئارقىلىق دوستلۇققا چىن مەنىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرغۇچى بىر قىز. مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنىڭ بىر يېرىم يىللىق جاپا تارتىش بەدىلىگە ئاق ئىبلىسنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان دوستىڭىز، جۈملىدىن ھەقىقىي دوستلۇقنى چۈشىنىدىغان بارلىق ياخشىلار سىزنى سۆيىدۇ» دەپ پىچىرلىدىم. شۇ

كۆنىلا دىلخۇمارغا بىر پارچە خەت يازدىم .

ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭدىن جاۋاب خەت كەلدى . ئۇ خېتىدە « باشقىلارنىڭ ، بىر ئوغرى قىز بىلەن توي قىپتۇ دېيىشىدىن قورقمىسىڭىزلا ، بارلىق تەلەپ ـ تەكلىپلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن . ھاياتلىق سەپىرىمىزنىڭ قىران ساھىلىدا قايتا ئۇچرىششقا چىن دىلىمدىن رازىمەن . سىزنى سۆيۈپ ... » دەپ يازغان ئىكەن .

مىنىڭ شۈكرى ، ئۇزاق يىللار كۈتكەن ۋىسال مىنۇتلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى . ئەجىر ۋە نىيەتكە ، تۆلەنگەن بەدەلگە مۇناسىپ بەختىيارلىققا ئېرىشتۇق .

1997 ـ يىل ، 1 ـ ئاي

# ئېچىلغان سىر

دەرۋازا ئالدىدىكى قارىياغاچنىڭ سايىسىدا، پارچە - پۇرات لاتا، قەغەز، بوتۇلكا... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىنى قىزىل بوياپ، كۆمۈرنىڭ قارىسىدا قاشلىق ئېتىۋالغان؛ تومۇز ئىسسىقىغا قارىماي بېشىغا كونا يۇڭ رومال ئارتىپ، ئۇچىسىغا پاختىلىق چاپان كىيىپ، ئىدارە دەرۋازىسىغا قاراپ بىردە كۈلۈپ، بىردە يىغلاۋاتقان «روشەك ساراڭ» غا قاراپ - قاراپ مېڭىۋاتقان شەمسىيەنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— ئۇ ساراڭغا قاراپ ھەمىشە غەمكىن ماڭىدىكەنسەن خېنىم، ئۇ سېنىڭ ئاناڭمۇ يا؟

كىشىلەر «روشەك ساراڭ» دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ ئايالنىڭ بۇ ئىدارە ئالدىغا پەيدا بولۇپ قالغىنىغا بىر يىلچە بولغان ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن، ئىدارىدىكىلەر ئىشقا

چۈشۈشتىن بۇرۇنلا بۇ يەرگە كېلىپ بولاتتى، ھەممەيلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكۈچە قارىياغاچقا يۆلىنىپ، ئىدارە ئىچىگە قاراپ ئالىلىنىپىملەرنىدۇر پىچىرلايتتى، ئاندىن قاياقلارغىدۇر كېتەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى ئىدارىدىكىلەر ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن دەرۋازا ئالدىدا ھازىر بولۇپ، قورۇدا ئادەم تۈگىگىچە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كېچىلىرى نەلەردە ياتىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

خىزمەتداشلىرىنىڭ مازاق قىلىشى شەمسىيەگە ئېغىر كەلدىمۇ، ئۇ ھويلىغا كىرىپ، چىرايىدىن ھەمىشە قار - مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئۆگەي ئانىسى بۇزۆھرەگە غەزەپلىك قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل ياتاق ئۆيگە كىرگىنىچە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

ئۇ، ئەقلىگە كەلسە، ئاشۇ سۆرۈن تەلەت ئۆگەي ئانىسى بار ئىكەن. ئۆگەي ئانىسىنىڭ زالىملىقلىرى، قەدەمدە بىر «ئەر ئالماس» دەپ ھاقارەتلەشلىرى شەمسىيەنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن ياش ئىختىيارسىز ئۇخچۇپ چىقتى. ئۇ، بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىككى ئايدىن بېرى كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان دادىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

— دادا، قانداقراق تۇرىسەن، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى شەمسىيە ئۆزىنى يىغىدىن ئاران

توختتىپ .

— كەل قىزىم ، يامان ئەمەس ، — دېدى ئەسئەت .

— تاماق يېدىڭمۇ ؟ — سورىدى شەمسىيە ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكىپ .

— تاماق ؟ ... مەنما ، ياق قىزىم ، ياق ، — دېدى ئەسئەت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى يىغىدىن توختىتالماي .

شەمسىيە تومپۇچكا ئۈستىدىكى چىنىنى ئېلىپ ياتاقتىن چىقتى . شەمسىيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەسئەت شەمسىيەگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان « ئۆمۈر خاتىرىسى »نى ياستۇق ئاستىدىن ئېلىپ ، بىر ھازا كۆز يېشى قىلدىيۇ ، شۇ ئەسنادا ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى سەۋەبلىك كۆز ياشلىرىنى ئەستە توختىتىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى .

ئەسئەت بۇزۆھرە بىلەن توي قىلىپ ئۇزاققا قالماي ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىۋالغاچقا ، ئاخىر جىگەر قېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىۋاتقان بولسىمۇ ، كېسەللىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى . يېقىندىن بېرى پات - پات ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرغان ئەزرائىل ئاخىر ئۇنىڭغا قارا چاڭگىلىنى ئۇزاتتى . ئۇ چاغدا ، ئۇنىڭ يېنىدا سېستىرادىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى . ئۇ سېستىرا قىزغا ھېلىقى خاتىرىنى كۆرسىتىپ ئىنتايىن پەس ئاۋازدا : « ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمدىن كېيىن قىزىمغا بېرىپ قويارسىز » دەپ ئۆتۈندى .

بۇرۇنقى قايغۇسى ئازدەك ، دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى شەمسىيەگە قاتتىق ئېغىر كەلدى . ئۇ دادىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن ، ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ، ئىدارىسىدىن بېرىلگەن بىر ئېغىز ياتاققا كۆچۈپ بېرىۋالدى .

ئۇ گويا مەست - ئەلەس بولۇپ قالغاندەك ، ماغدۇرسىز قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ ئىدارە ئالدىغا چىقتى . دەرۋازا تۈۋىدە ھېلىقى « روشەك ساراڭ » نېمىلەرنىدۇر دەپ يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى شەمسىيەگە مەيۈس تىكىلەتتى .

— مەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەن ، — دېدى شۇ ئەسنادا بۇ يەردە پەيدا بولغان سېستىرا قىز .

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟ — سورىدى شەمسىيە تۆۋەن ئاۋازدا .

— ياتىقىڭىزدا پاراڭلىشايلى ، — دېدى سېستىرا قىز شەمسىيەنىڭ كۆز ياپرىقىدەك سولغۇن چىرايىغا قاراپ ، — دادىڭىز بۇ ئامانەتنى بېرىپ قويۇشنى تاپىلىغان ، — شەمسىيەگە كۆك تاشلىق بىر خاتىرىنى تەڭلىدى .

شەمسىيە قوللىرى لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا خاتىرىنى ئالدى - دە ، ياتاققا كىرىپ خاتىرىنى ۋاراقلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا ئىدى . خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئەسئەتنىڭ بۇنىڭدىن

بەش يىل بۇرۇن چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتى چاپلانغان ، سۈرەت ئەتراپى قىرىنداشتا سىزىلغان رامكا ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ ، سۈرەتنىڭ ئاستىدا ئەسئەت ئۆز قولى بىلەن يازغان : « دىلى سۈنۇق شەمسىيەنىڭ دادىسى ئەقىلسىز ئەسئەت » دېگەن خەت بار ئىدى . ئىككىنچى بېتىگە ھېلىقى « روشەك ساراڭ » نىڭ ئىدارە ئالدىدىكى قارىياغاچ يېنىدا ئولتۇرغاندا تارتىلغان بىر پارچە سۈرىتى چاپلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىغا :« ئەقىلسىز ئەسئەتنىڭ مېھرىبان ئايالى ، شەمسىيەنىڭ ئانىسى روشەنگۈل » دەپ يېزىلغان ئىدى . شەمسىيە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ، خاتىرىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدىن باشلاپ يېزىلغان تۆۋەندىكى قۇرلارغا كۆز تاشلىدى :

« دىلى ئۇزۇك قىزىم شەمسىيە ، سەن بۇ خاتىرىنى ئوقۇۋاتقاندا مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس تېنىم ئاللىبۇرۇن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولىدۇ . سەن بەلكىم خاتىرىنى ئوقۇپ چىقىپ مەندىن قاتتىق نەپرەتلىنەرسەن . ئەسلىدە مەن بۇ خاتىرىنى يازماي ، بارلىق دەرد - ئەلەملەرنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسامۇ ، ۋىجدانىم راۋا كۆرمىدى . خاتىرىنى كېسەلخانىغا كىرگەندىن كېيىنلا يېزىشقا باشلىغان ، ئاللىبۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرگەن ، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كۆرسۇن دەپ ساقلا كۆرسەتمىگەن ئىدىم .

مېھرىبان قىزىم ، يۈرەك پارەم ، خاتىرىنى يازغۇچە

ۋىجدانىمنىڭ مېنى قانچىلىك ئازابلىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن ، لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ، مۇرەككەپ ھايات ئەسلىملىرىمنى يېزىۋاتىمەن .

قىزىم ، داداڭ ئەسلىي سەن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئۇنداق ئەرزىمەس ھاراقكەش ئەمەس ئىدى ، ئۆزۈمنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىمنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن . قىزىم ، مەن بۇ شەھەرلىك ئەمەس ، K شەھىرىدىن . مەن ئەقلىمگە كەلسەم ئانام بار ئىكەن ، ئۇ دېھقان ئىدى . ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە ، مەن بىر ياشقا كىرگەندە دادام ئۆلۈپ كېتىپتىكەن . بىچارە ئانام ، مېنى ئۆگەي دادا ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالىدۇ دەپ توي قىلماي ، ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلدى . مەكتەپتە ئوقۇتتى . ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ناھايىتى چېچەن ، كۆيۈمچان ئىدىم . مەكتەپتىن كېلىپلا ئانامغا ياردەملىشىپ ، ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىپ بېرەتتىم . دادامنىڭ بىر ئاكىسى بولۇپ ، ئۇ بىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشىپ بېرەتتى . ئانام يالغۇز قىز بولغاچقا ، دادامنىڭ ئاكىسى بولغان ئاشۇ ھاشىم تاغامدىن باشقا تۇغقىنىمىزمۇ يوق ئىدى .

مەن ، يېزىمىزدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىندىم . ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا روشەنگۈل بىلەن تونۇشۇپ ناھايىتى ياخشى ئۆتتۇق . كېيىن بىر مەكتەپكە خىزمەتكە بۆلۈندۇق ، مەن

روشەنگۈل بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولۇپ، ئاندىن ئانامنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈردۈم.

توي بولۇپ بىر ئاي ئۆتكەندە، ئانامنىڭ قايتا - قايتا قىلغان سەمىمىي تەكلىپىگە بىنائەن ئانامنى ئۆيىمىزگە يانـدۇرۇپ كەلدۇق. مائاشىمىز ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئۈچ جانىنى بېقىشقا يېتەتتى. روشەنگۈل ئانامنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ مېھماندەك كۈتەتتى. تۇرمۇشىمىزمۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى.

قىزىم، خۇشاللىقنىڭ ئەستىرى خاپىلىق ئىكەن، بىز توي قىلىپ بىرەر يىل بولاي دېگەندە، ئوڭۇشسىزلىقلار بىر - بىرلەپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى، گۈزەل تۇرمۇش غۇۋا چۈش بىلەن ئالماشتى. سەن تۇغۇلۇپ بىر ئايلىق بولغاندا، ئانامنىڭ يۈرەك كېسەللىكى قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ھەرقانچە يىغلاپ - قاقشىسامۇ ئورنىغا كەلمىدى. ئانامنىڭ قىرىق نەزرىسىنى تۈگىتىپ، خاراموش تۇرغان چېغىمىزدا، مەكتەپ رەھبەرلىكى مېنى ئالىي مەكتەپكە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئاناڭ ئىلىملىك ئايال بولغاچقا، مېنى بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشقا زورلىدى. مەن ئۇنىڭغا 《تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالارسىزمىكىن》 دېسەم، ئۇ: 《سىز ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت تارتسام ھېچ گەپ ئەمەس》 دەپ، مېنى ئوقۇشقا كۆندۈردى.

دەسلەپكى مەۋسۇم خۇددى بىر ئەسىردەك بەكمۇ

ئۇزاقتا ئۆتتى. سىغىنىش ئوتلىرىدا پۇچۇلىنىپ، كۈتە-كۈتە ئاخىر قىشلىق تەتىلمۇ كەلدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەن كۈنى سىلەرنى كۆرۈپ تىنىمغا سىغماي قالدىم. سىنى نەچچە سائەت كۆتۈرۈۋالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

قىزىم شەمسىيە، قىشلىق تەتىلدىن مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزۈممۇ سەزمەي ئىزنىتقۇغا ئەگىشىشكە باشلىدىم. بۇرۇن دەرستىن چۈشكەندە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ساۋاقداشلار ئۇ يەر-بۇ يەردىكى ئولتۇرۇشلارغا بېرىشقا دەۋەت قىلسا، پەقەت بارغىلى ئۇنىمايدىغان ئادەم، مانا ئەمدى ئولتۇرۇشتىن قالمايدىغان بولدۇم. بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا تولاراق قىز ساۋاقدىشىم بۇزۆھرە — سىنىڭ ھازىرقى ئۆگەي ئاناڭ ئېلىپ باراتتى. بارغىلى ئۇنىمىسام زاكىلىق قىلىپ: «نەرگىز ئەركىشى، ھاياتنىڭ بىر كۈنى بولسىمۇ خۇشال ئۆتكىنى ئۆتكەن، ھە دېسە يىراقتا قالغان ئاياللىرىڭنى ئويلاپ ئۆلتۈرىدىكەنسىز» دەپ بېرىشقا كۆندۈرەتتى.

ئۇ چاغدا، بۇزۆھرەنىڭ دادىسى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئاڭلىسام، بۇزۆھرە بۇ ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن توي قىلىپ ئاجراشقان ئىكەن. ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى خېلى كۆپ ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، ياتاقتا ئاناڭ روشەنگە خەت يېزىپ ئولتۇرسام ئۇ كىرىپ، بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ

قويغانلىقىنى، بىللە بېرىپ ئولتۇرۇشۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى، ھەرقانچە سەۋەب كۆرسىتىپمۇ ئۇنىڭ نەيرەڭلىرىگە تەڭ كېلەلمىدىم. ئاناڭغا يېزىۋاتقان خەتنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدىم. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن بۇزۆھرەنىڭ ساۋاقدىشى بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ:

— بىز شامپان ئىچەيلى، سىز ئەركىشى بولغاندىكىن بۇنى ئىچىڭ، — دېدى. بۇرۇن ئانچە - مۇنچە ئىچكەن بولساممۇ، ھاراقنى ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتمەيتتىم. ئىچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسام، ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىپ باش كۆتۈرگىلى قويمىغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئىچسەم ئىچەي، ئىچمىگەن نېمە بولمىغاندىكىن دېگەن يەرگە كەلدىم. قىزىق پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتىمەن. ئوبدان قىزىم، مەن ئەسلىي ئاشۇ چاغدا ھاراق ئەمەس، ئەكسىچە ئاناڭ روشەن، سەن ۋە ئۆزۈمنىڭ بەختىنى ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بۇ قۇرلارنى يېزىشنى، ساڭا دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن راۋا كۆرمىگەن بولساممۇ، ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكىڭنى كۈچەيتىپ، مېنى تېزراق ئۇنتۇپ كېتىشىڭ ئۈچۈن ئاخىر نومۇسۇمنى قايرىپ قويۇپ يېزىۋاتىمەن. ئەتىگىنى ئويغانسام بۇزۆھرە يېنىمدا يېتىپتۇ... ئۇنىڭ ساۋاقدىشى يوق.

ئۇنى ئويغاتتىم. ئۇ يەرگە قاراپ گەپ قىلماي ئولتۇردى. ئاچچىقىمدا قايتا گەپمۇ قىلماستىن ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم. ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ، ئاناڭ روشەنگە قارا سانىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلىدىم.

بىر كۈنى، مەكتەپ گۈللۈكىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام بۇزۆھرە يېنىمغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ قۇيقا چاچلىرىم تىكلەشتى. زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردۇم.

— سىز ھەممە گۇناھنى مەندە قويامسىز؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى ئۇ ئارقىسىنى قىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن.

— بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ھەر ئىككىمىز ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، — دېدىم مەن ئاخىر. ئۇ ئاستا - ئاستا يىغىسىنى توختىتىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ گەپ - سۆزسىز كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش تۈگىگىچە بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىشمىدۇق. لېكىن، بىر سىنىپتا بولغاچقا، كۆزلىرىمىز ئىختىيارسىز ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئۇ، ھەدەپ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، مەن ھەر خىل بانا - سەۋەبلەرگە كۆرە ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپلا يۈردۈم. يازلىق تەتىلدە ئۆيگە كېلىپ، سىنىڭ ۋە ئاناڭنىڭ يۈزىگە تۈزۈك كىرەك قاراشقا پېتىنالماي، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ تەتىلنى توشقۇزۇۋەتتىم.

— بۇ خەتنى بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر ساۋاقداشىمىز ئەۋەتتى ، — دەپ ماڭا بىر كونۋېرتنى تەڭلىدى بۇزۇھرە دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن . كونۋېرتنى دەرھال ئېچىپ خەتنى ئوقۇسام ، بۇزۇھرەنىڭ ماڭا يازغان خېتى ئىكەن . ئۇ خېتىدە ، بىر يىلدىن بېرى مېنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر مەن تەلىپىگە قوشۇلسام دادىسىغا دەپ ، ئۆز يۇرتىدىكى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ كېتىدىغانلىقىنى ، ئاناڭدىن ئاجرىشىشىم كېرەكلىكىنى ؛ ئەگەر تەلىپىگە قوشۇلمىسام ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ . خەتنى ئوقۇپ كاللام پىرقىرەپ قېلىپ كەتتى . شۇ كۈنىلا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ، ئاناڭ روشەندىن ئايرىلمايدىغانلىقىمنى ۋە سېنى يېتىم قالدۇرۇشقا كۆڭلۈمنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم . ئۇ كۈنى دەرس ئارىلىقىدا ، بۇزۇھرەگە سەپسالسام تولىمۇ غەمكىن ، ھەسرەتلىك تىنىپ ماڭا قاراپلا ئولتۇردى . ئاناڭ كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ : 《 ھەي خۇدا بۇ نېمە تارتقۇلۇق ، ئاشۇ كۆيۈمچان روشەن بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكىنى قويساڭچۇ 》 دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە . بۇزۇھرەنىڭ دائىم دېگۈدەك تەلمۈرۈپ قارىشىدىن ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىم قايتا قوزغىلىشقا باشلىدى . بىر كۈنى ئاناڭدىن ، تاغام ھاشىمنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەت

كەلدى . ھاشىم تاغام مېنى بالىچىلاپ باققان بىردىنبىر تۇغقىنىم بولغاچقا ، يۇرتقا بېرىش نىيىتىدە بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدىم . ئاي ئاخىرى بولغاچقا يېنىمدا پۇل تۈگەپ كەتكەن ئىدى . باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىش نىيىتىدە تۇرسام بۇزۆھرە يېنىمغا كېلىپ :

— ئاڭلىسام تاغىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ . بارغۇچە يول كىراسى قىلىڭ ، — دەپ 500 يۈەن پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى . ئىلاج قانچە ، بۇ پۇلنى ئالدىم . يۇرتقا كەلسەم ، تاغام بىر كۈن بۇرۇن قازا قىلىپ كېتىپتۇ . بىچارە ئانام مەندىنمۇ بەكرەك ئىچ ئاغرىقى تارتتى . يىغلىدۇق ، قاقشىدۇق ، ئورنىغا كەلمىدى . دۇنيادا بىردىنبىر يېقىن كىشىلىرىم بولغان سەن بىلەن ئاناڭنى يالغۇز قالدۇرۇپ مەكتەپكە يەنە قايتتىم . بۇزۆھرەنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ ، ئۆيدە بارى ئاران 200 يۈەن بولغاچقا يول كىراسى ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بۇ پۇلمۇ تۈگىدى . مېنىڭ تولىمۇ غەمكىن قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرگەن بۇزۆھرە كۆپ تەسەللىلەرنى بېرىپ ، « لازىم بولسا ئىشلىتىڭ » دەپ يەنە پۇل تەڭلىدى .

— ئۆتكەندە بېرىپ تۇرغان پۇلىڭىزنى بۇ نۆۋەت ئۆيدىن پۇل كەلگەن ھامان بېرىۋېتىمەن ، — دېدىم ئۇنىڭ پۇل تۇتقان قولىنىياندۇرۇپ .

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ ، — ئۆيدىن ماڭا ھەرئايدا 300 يۈەن ئەۋەتىدۇ .

مەن دادامنىڭ يالغۇز قىزى، قانچىلىك پۇلغا ھاجىتىم چۈشسە دادامدا بار. «پۇلىڭىزنى قايتۇرىمەن» دېگەن گەپنى ئىككىنچى قىلماڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى يىللىق ئوقۇشتىن بىر يېرىم يىلى تۈگىدى. مەن قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە يەنە كېلىپ، سەن بىلەن ئاناڭنى كۆرۈپ كەتتىم. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بولغاچقا ساۋاقداشلارنىڭ ئولتۇرۇشى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاۋۇپ قالدى. كاللامدا ئوي تولا بولغاچ، مەنمۇ سورۇنلاردىن قالمايدىغان بولۇۋالدىم. بىر كۈنى، بىزنىڭ ناھىيىلىك باللار ئۆيۈشتۈرغان ئولتۇرۇشتا كۆپرەك ئىچىپ مەست بولۇپ قاپتىمەن. ئەتىسى ئويغانسام يېنىمدا بۈزۈھرە ئولتۇرىدۇ. ئۆزۈمنىڭ كارۋىتىدا ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. ئولتۇرۇشتىن قايتقاندا سائەت 11 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن. مەن «ھۆرمەت قەدەم»گە دەسسەپ چوڭ يولغا چىققىنىمدا، بۈزۈھرە مېنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىغا چىقىرىپ، ياتىقىمغا ئەكېلىپ قويغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپرەك ئىچىپ، مەست بولۇپ قالسىملا بۈزۈھرە پەيدا بولۇپ، ياتىقىمغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلەم بارا - بارا ئىللىشقا باشلىدى.

— سىز مېنى ئۇنچە ئازاپقا قويماڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، — مەن دادامغا خەت يازدىم،

ئۇ يول مېڭىپ، سىزنى مەن ئىشلەيدىغان مەكتەپكە ئالماشتۇرىدىغان بولدى.

مەن ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئاناڭ روشەننى ياخشى كۆرۈدىغانلىقىمنى، كىنىدىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم. شۇ كۈنى كەچتە يەنە بىر ئولتۇرۇشتا كۆپرەك ئىچىۋېتىپتىمەن، بۇزۆھرەنى چۈشۈمدىكىدەك كۆرگەن يادىمدا، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام بۇزۆھرە يېنىمدا ياتىدۇ. بېشىمنى سىلىكىۋېتىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. بۇ ھېلىقى لەنىتى ئۆي ــ بۇزۆھرەنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. يېرىم كېچە بوپتۇ، ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن بېشىم قاتتىق ئاغرىپ زادىلا ئارام بەرمىدى، قوپقۇدەك مادارىم يوق، يېنىمدا ياتقان بۇزۆھرەنى ئويغاتتىم...

ــ سىز مېنى بۇ يەرگە يەنە نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ ــ دېدىم ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ.

ــ ئاخشام بەك مەست بولۇپ كېتىپتىكەنسىز، مەكتەپكە بارساق بولماسمىكىن دەپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم، ــ دېدى ئۇ كۆز يېشى ئارىلاش، ــ ئايالىڭىز بىلەن ئاجرىشىڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دېگىنىمگە كۆنمىسىڭىز ئۆلۈۋالىمەن.

مەن ئۇنىڭ بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇيانچە چىڭلا:

— ماقۇل ، ئايالىم بىلەن ئاجرىشاي ، زەھەر بار بۇ بوتۇلكىنى ماڭا بېرىڭ ، — دېدىم شۇئان چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

— راستما ؟

— راست بولمايچۇ ؟ — دېدىم مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن .

ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى ماڭا بەردى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ غەلىبىسى ، مېنىڭ مەغلۇبىيىتىم بىلەن ئۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقتۇق . ئامالىم قانچە ، بوينۇمدىن باغلىغاندەك بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خېلى قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتتۈم . كاللامدا : 《 ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتقا كەتسەم ، بۇزۆھرەدىن قۇتۇلىمەنغۇ 》 دېگەن ئوي بار ئىدى .

بىر كۈنى ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرسام ، بۇزۆھرە كىرىپ ئادىتى بويىچە بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى ۋە ئۆكسۈپ تۇرۇپ :

— بويۇمدا قاپتۇ ، قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى .

مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتسەم شۇنداق ئىكەن . جېنىم قىزىم ، كەچۈرگىن ، ھازىرقى ئىنىڭ رىشات شۇ .

ۋاپادار ئايالىم ، ئوماق قىزىم تۇرۇپ ، ئۆزۈمنىڭ بۇنداق پېشكەللىككە ئۇچراپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئەيىبلىكمەن . مەن ھوشۇمنى يىغىپ بولغۇچە ئوقۇشمۇ

پۇتتى. ئەتە قايتىمىز دەپ تۇرغان كۈنى مەكتەپ مۇدىرى يېنىغا چاقىرتىپ:

— تەلىپىڭىز بويىچە مەلۇم بىر كىشى سىزنى × شەھىرىگە يۆتكەپتۇ. ئەمدى بېرىپ شۇ يەرگە ئىشقا چۈشۈڭ، — دەپ يۆتكەش ئۇقتۇرۇشىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ پۈتۈنلەي بۇزۇھرەنىڭ ئويۇنى ئىدى.

— بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭىز بۇزۇھرە؟ — دېدىم مەن مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققانچە بۇزۇھرەنى تېپىپ زەردە بىلەن.

— نېمە ئىش بولاتتى، مۇشۇنداق ئىش، قورسىقىمدىكى بالىغا دادا كېرەك. سىز ئۆز يۇرتىڭىزغا كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

— سىز مېنىڭ بالام بىلەن ئائىلەمنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ يوق؟! سىز ئالجىپسىز! — دەپ ۋارقىرىدىم.

شۇ تۇرقىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايتتى، نېمە ئامال؟ ئۆزۈمدىمۇ يەتكۈچە بار دە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئائىلىڭىزغا ئالللىبۇرۇن خەت يېزىپ، سىزنىڭ ئەمدى ئۇ شەھەرگە بارمايدىغانلىقىڭىزنى، خىزمەت ئالماشتۇرغانلىقىڭىزنى ئېيتتىم. ئۇ، بۇ چاققىچە سىزدىن ئاجرىشىشقا تەييارلىنىپ، سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

— ھوَ ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستى ، قىلغان ئىشىڭنى قارا ، سەن مېنىڭ بەختىمنى ، ئائىلەمنى ۋەيران قىلدىڭ ! — دېدىم - دە ياتاققا كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ، ئەتىسى يولغا چىقتىم .

ئۆيگە كەلسەم ، سەن يەردە يىغلاپ يېتىپسەن . ئاناڭ چاچلىرى چۇۋۇق ، تامنىڭ تۈۋىدە يەردىن توپا ئېلىپ بىردەم بېشىغا ، بىردەم ئۇيەر - بۇيېرىگە چېچىپ ، بىرنېمىلەرنى دەپ ئولتۇرىدۇ . بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ، سېنى قولۇمغا ئېلىپ ئاناڭنىڭ يېنىغا باردىم .

— بۇ نېمە ئىش ، نېمە بولدىڭىز ؟ — دېدىم مەن ئالاقزادە بولۇپ .

ئاناڭ ئىرەنسىزلا قاراپ قويۇپ ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم . بىر چاغدا ، چوڭ داداڭ تۇرسۇن ئاخۇن كىرىپ :

— سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ ؟ نېمىشقا × شەھىرىدىكى خوتۇنۇڭنىڭ ئۆيىگە كەتمىدىڭ ؟ قىزىم ساراڭ بولۇپ قالدى ، ئۇ سەن ئېپلاسنىڭ قىلغان ئىشى ، تېزدىن كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ ۋارقىرىدى .

مەكتەپكە باردىم . مەكتەپ مۇدىرى مېنى كۆرۈپلا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدۇم . ئۇ ، بۇزۆھرەنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن روشەنگە خەت يېزىپ ، مېنىڭ

ئەمدى بۇ شەھەرگە كەلمەيدىغانلىقىمنى، × شەھىرىگە يۆتكىلىپ ئۆزى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانلىقى، ئاشۇ خەت سەۋەبلىك ئاناڭنىڭ ئالىجوقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، دوختۇرنىڭ «نېرۋا كېسەللىكى» دەپ دىئاگنوز قويغانلىقىنى دېدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! — دەپ توۋلاپ كەتتىم.

سېنى كۆتۈرۈپ، يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ يەنە چوڭ داداڭنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ غەزەپكە تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، مېنى تىللاۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، ئاناڭنى نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئەكەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بولۇپ، تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئالدىمغا كەلدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— ھۇ تۇزكور مۇناپىق، ۋىجدانسىز، كۆڭلى قارا، — دېگىنىچە سېنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. سېنى كۆتۈرۈپ، شۇ ھامانلا بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئەتىسى y ناھىيىسىگە بېرىپ، ئاناڭنى شۇ كۈنى كەچتە نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن تاپتىم. ئۇنى ئىككى دوختۇر سۆرەپ يېنىمغا ئەكەلدى. ئۇ بىردەم كۈلسە، بىردەم يىغلاپ، قانچە گەپ قىلساممۇ، سېنى كۆرسەتسەممۇ قاراپ قويماستىن، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، دوختۇرنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتتى. دوختۇرلار گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى. مەن شۇ كۈنىسى قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى كەلسەم ئاناڭ يەنە تۈنۈگۈنكىدەكلا

بىرنىڭمىلەرنى دەپ قىچىپ كەتتى. باشقا ئامال قىلالماي ئاخىر C شەھىرىگە يېنىپ كەلدىم. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇرسام بۇزۇھرە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراپمۇ قويماي يولۇمغا راۋان بولدۇم. ئۇ ئارقامدىن ئەگەشتى.

— بولدى ئەسئەت، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، ئاڭلىسام ئايالىڭىز ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. بالىغا ئانا بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنى سىز بېقىپ چوڭ قىلالمايسىز، مەن ئۇنى ئۆز بالامدەك باقىمەن. قاراڭ، قورساقتىكى بالىغىمۇ دادا بولمىسا بولمايدۇ... — دېدى قورسىقىنى تۇتۇپ.

— يوقال كۆزۈمدىن!...

دەرغەزەپكە كەلگەن ئىدىم. تەنلىرىم تىترەپ قانداق مېڭىۋاتقانلىقىمنى سەزمەيتتىم. ئۇ يەنىلا سايەمدەك ئەگىشىۋالدى. سېنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل قەبرىستانلىققا باردىم، يېرىم كېچىگىچە ئانامنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلىدىم، سەن ئۇچاغدا ھەممىدىن خەۋەرسىز يېنىمدا ئۇخلىدىڭ.

بىرسى دولامدىن تارتتى، قارىسام بۇزۇھرە ئىكەن، ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي، سېنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىقتىن كەتتىم. بىر كېچە ئۇخلىماي كوچىلارنى ئايلاندىم. ئۇمۇ ئۇنىسىز ئەگەشتى. مېنى × شەھىرىگە كېتىشكە دەۋەت قىلدى. قورسىقىڭ ئاچقان بولسا كېرەك، بەك يىغلاپ كەتتىڭ، ئاشخانىغا كىرىپ ساڭا تاماق يېگۈزۈۋاتسام بۇزۇھرەمۇ كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن

قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. مەن خىزمەت ئىشىم توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا باردىم، ئۇلار:

— كادىر يۆتكەش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، دەرھال بېرىپ ئىشقا چۈشۈڭ، ئۇنداق بولمىغاندا خىزمەتتىن ھەيدىلىسىز، — دېيىشتى. شۇ ئەسنادا ئانامنىڭ: «بالام، مەن سېنى چوڭ بولغاندا ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەيدىغان ئادەم بولارمىكىن دەپ ئوقۇتۇۋاتىمەن، ياخشى ئوقۇپ ئۈمىدىمنى چوقۇم ئاقلا، شۇنداق قىلساڭ ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتىمەن» دېگەن گېپى يادىمغا كېلىپ ئاخىر × شەھرىگە بېرىشنى قارار قىلدىم - دە، سىنى ئېلىپ بۇ شەھەرگە كەلدىم. بۇزۆھرە يەنىلا مەن بىلەن بولۇپ، سېنى ھەرقانچە تالىشىپمۇ مەندىن ئالالماي ئاۋارە يۈردى. مەن بۇ شەھەردىكى مائارىپ ئىدارىسىغا بېرىپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنۇمدا ئىشلەش ئارزۇيۇمنى ئېيتسام، ئۇلار:

— دەسلەپتە ئۆزىڭىز تەلەپ قىپسىز، باشلىق ئۆزى ئاتايىتىن يول مېڭىپ، سىزنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدى. ئەمدى سىز بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. قەيەردە ئىشلىسىڭىز ئوخشاش، مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېرىڭ، — دەپ تەلىپىمنى رەت قىلدى. شۇڭا، مۇشۇ شەھەردە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن سېنى بېقىپ بېرىشكە

ئادەم ئىزدىگەن بولسامۇ، مۇمكىن بولمىدى. خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈنى، سېنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا نان ساتىدىغان بىر ئايالنىڭ يېنىغا قويۇپ تۇردۇم.

— بالا قېنى؟ — سورىدى بۈزۈھرە.

— يوق، — دېدىم سوغۇققىنا.

چۈشتە چىققسام سەن يوق. ھېلىقى ئايال سېنى بۈزۈھرەنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم. ئۇ سېنى يۇيۇپ - تاراپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈۋاتقان ئىكەن. سېنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كېلىپ:

— ئەسئەت، سىز بېشىڭىزغا كەلگەن ھەممە بەختسىزلىكنى مەندىن كۆرىسىز، لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىمنى بىلمەيسىز، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئەسلىي ئايالىڭىزنى ئۇنداق بولۇپ قالار دېمىگەن، تۇرمۇشتا توي قىلىش، ئاجرىشىش بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. مەن پەقەت سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم. بىلىمەن، سىز مەندىن يىرگىنىسىز، بىراق مەن شۇنداق قىلمىسام سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمەيتتىم. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن شەمسىيەنى ئۆز بالامدەك ئاسراپ چوڭ قىلىمەن. قورساقتىكى بالىمىز تۇغۇلغىچە توي قىلىۋالايلى، سىز ئىشىنىڭ، بۇ بالا سىزنىڭ.

مەنمۇ ئاجىز كەلدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈزۈھرەنىڭ

قورسىقىدىكى بالىمۇ مېنىڭ بولغاچقا، سېنى ئانا مېھرىگە قاندۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ تەلپىگە كۆندۈم. باشقىچە بىر ئارزۇلار بىلەن ئاناڭنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ تېخىمۇ ساراڭ بولۇپ كېتىپتۇ. يۈرەك قېتىمدىن چىقىۋاتقان پۇشايمان ياشلىرىمنى سۈرتكەچ، ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىر ئايدىن كېيىن، ئاددىيلا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بۈزۈھرە بىلەن توي قىلدۇق. شۇ چاغدا بۈزۈھرەنى شۇنچە ئۆچ كۆرسەممۇ، ئۇنىڭ سېنى ئارزۇلاپ بېقىۋاتقانلىقىغا قاراپ سەل ئىككىلىنىپ قالدىم. بىراق، شۇنىڭدىن باشلاپ پۇرسەت تاپسىلا هاراق ئىچىپ دەردىمنى چىقىرىدىغان بولۇۋالدىم. خىزمەتداشلىرىم بارا ـ بارا مېنى 《هاراقكەش》 دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. مەنىسىز تۇرمۇش شۇنداق ئۆتەمدۇ قانداق، بۈزۈھرە تۇغقان ئۇكاڭ رىشاتمۇ بەش ياشقا، سەن ئالتە ياشقا كىرىپ قالدىڭلار، مەكتەپكىمۇ باردىڭلار. ئارىلىقتا مەن ئاناڭ بار شەھەرگە بېرىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم. دەسلەپتە بارغاندا چوڭ داداڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئاناڭ دوختۇرخانىدىن چىقىۋېلىپ، كوچا سارىڭىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەن ئالدىغا بېرىپ گەپ قىلسام تونۇمىدى.

— مەن هازىر × شەھىرىدە، شەمسىيە ئالتە ياشقا كىردى، — دېسەم ئۇ يەنىلا پەرۋايىغا ئالماي كېتىپ قالدى. كۆڭلىرىم ئاشۇنداق پۇشايمان ئىچىدە، هاراق

ئىچىش بىلەن ئۆتتى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا بۇزۆھرەنىڭ ساڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. ساڭىلا ئەمەس، ماڭىمۇ شۇنداق بولدى. كېيىن سەن بۇزۆھرەنىڭ ساڭا ئۆگەي ئانا ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ. مەن ساڭا، 《ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكەن》 دەپ جاۋاب بەردىم.

بىچارە قىزىم، سەن بەك غەيرەتلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلىسەن. بۇزۆھرە ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، سەن مېنى رەنجىمىسۇن دېدىڭمۇ، ئاناڭ توغرۇلۇق گەپ قىلماي، پەقەت ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگىنىمدە: 《ئوبدان دادا، ھاراق ئىچمىسەڭ بولمامدۇ ؟》 دەپ ماڭا تەربىيە بېرىپ تۇردۇڭ، ماڭا كۆيۈندۈڭ. بۇزۆھرە بارغانسىرى مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان، قىلچە كۆيۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. سەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭغاندا مەن قەۋەتلا خۇش بولدۇم. كۆڭلۈمدە بەش يىل بولسىمۇ بۇزۆھرەنىڭ مۇزلۇق تەلەتىنى كۆرمەي، خۇشال ـ خۇرام ئۆتسۇن دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مېنىڭ ھاراق ئىچىشىم كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كەتتى. ئوقۇشۇڭ پۈتۈشكە بىر نەچچە ئاي قالغاندا، مەن 《جىگەر قېتىش كېسەللىكى》 گە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. سەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭى ئىشقا چۈشكەن كۈنى، سېنى ئىدارىغا ئاپىرىپ قويۇپ چىقىۋاتسام دەرۋازا ئالدىدا ئاناڭ روشەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ

ئـچـىم سـىرىـلـىپ كەتتى . ئەتراپىمغا قارىسام ئادەم يوق ئىكەن .

ـــ بۇ شـەھەرگـە قـاچـان كـەلگەن ؟ ـــ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

ئۇ مـاڭـا بـىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، گەپمۇ قـىلـماي مېڭـىشـقا تـەمشەلدى . يانچۇقۇمدا بار پۇلنىڭ ھەمـمـىسىنى ئېلىپ : 《 بۇ پۇلنى ئىشلىتىڭ روشەن 》 دەپ پۇلـنـى تەڭلىسەم ، قولۇمغا مەيۈسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ كـېتىپ قالدى . ئەزرائىل كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، بۇ پـاجىئەگـە چىدىيالماي يەنە قەستەن ھاراق ئىچتىم . ھاراق ئەمـەس ، ئۆزۈمـنـىـڭ ھايـاتـىمنى ئىچىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرسـامـمۇ ، بـىـچـارە ئانـاڭنىڭ شۇ تۇرقىنى ، ئۆزۈمنىڭ كـۈنىنى ، سىنىڭ غەمكىن كۆرۈنۈشىڭنى ئويلاپ ، ئۆزۈمگە ئىچـىـنـىـپ ، بـۇزۆھرەنـىـڭ بـىـز ئۈچـىـمـىزگـە قىلغان زىـيـانكەشلىكىگە چىدىيالماي شۇنداق قىلدىم . كېسەلخانىدا يـېـتـىپ داۋالىنىۋاتقان كۈنلەردە بۇزۆھرە بىلەن رىشاتنىڭ مـاڭـا قـىلـىپ كەتكەنلىرى ساڭا ئايان . بۇزۆھرەغۇ مەيلى ، ئوغـلـۇم رىـشـات مـېـنـى نـېـمـىـشـقا بىزەر قىتىممۇ يوقلاپ قـويـمـايدۇ ؟ بەلكىم سەن سەپسالمىغان بولۇشىڭ مۇمكىن ، بـىر كۈنى سەن ماڭا تاماق ئەكىرىپ بېرىپ ئۆيگە قايتقاندا ، ئارقـاڭـدىـن ئاسـتـا چـىـقـىـپ قارىسام ئاناڭ روشەن ساڭا ئەگـىـشـىپ كېتىۋاتىدۇ . بىچارىنىڭ يۈرىكى سىنى تونىغان ئوخـشـايـدۇ . يـاتـاقـقا كىرىپ ئۇزاق يىغلىدىم . ھاياتىمدىن ئۈمـىد قالمىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسامۇ قىلچە ئەندىشە قـىـلـمىدىم . ئەكسىچە خۇش بولدۇم . بىراق ، 《 مەن ئۆلۈپ كـەتـسـەم قـىـزىـم قـانداق قىلار ؟ باش ـ پاناھسىز نەلەردە

يۇرەر ؟ 〉 دەپ ئويلاپ ئىچىم سىرىلىپ يىغا بېسىپ تۇردى. ئاخىر، ئۆزۈمنىڭ يىرگىنىشلىك ھاياتىمدىن سىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىپلاس تارىخنى يېزىپ قالدۇردۇم.

جېنىم قىزىم شەمسىيە، مەن ئاناڭ روشەنگە، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. مېنى كەچۈرمەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئوبدان قىزىم، گېپىمنى ئاڭلاپ بۇزۇۋەرە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ۋاقتىدا ئۈز، ئۇ زەھەرلىك يىلان سېنىڭمۇ تۇرمۇشىڭنى ۋەيران قىلمىسۇن. قىزىم، ئادەم بالىسى ھەربىر قەدىمىنى ئەقلى بىلەن ئاۋايلاپ باسمىسا ھامان تۈگىمەس پۇشايمانلارغا قالىدىكەن.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، سېنىڭ ئاناڭ ئۆلۈپ كەتمىگەن. كىشلەر 〈 روشەك ساراڭ 〉 دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ 〈 ساراڭ خوتۇن 〉، ياق، ياق، ئاشۇ پەرىشتە سېنىڭ ئاناڭ. خەير، ساڭا ئۆمۈر ۋە بەخت تىلەپ، داداڭ ئەسئەت ».

شەمسىيە خاتىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ياتىقىدىن چىقتى. بۇچاغدا گۇگۇم كائىناتقا ئۆزىنىڭ نېپىز پەردىسىنى يېپىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ، ئىدارە ئالدىدىن 100 مېتىرچە نېرىدا نېمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ كېتىۋاتقان ئانىسى روشەنگۈلنى كۆرۈپ قاتتىق ۋارقىراپ يۈگۈردى:

— ئانا ... مېھرىبان ئانا ... !

1997 ـ يىل، 1 ـ ئاي

# پاجىئەنىڭ ئاخىرى

ئىشىك يوچۇقلىرىدىن تۈز سىزىق بويلاپ كىرگەن ئاي نۇرى بۇ كىچىك كامېرنى خىلىلا يورۇتقان ئىدى. نۇر سىزىقچىسىغا قارىغىنىچە چوڭقۇر ئويغا پاتقان ئىرپاننىڭ قۇلىقىغا سېپىل سىرتىدىكى سۇۋادان تېرەك شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشى، قوشنا ئۆيلەردىكى مەھبۇسلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ يۆتىلىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، يەنىلا يوقسۇزلۇق دەردىدە داۋالىنالماي، بۇنىڭدىن 15 يىل مۇقەددەم ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن دادىسىنى، يۈرەك پارىسىنىڭ ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققانلىقىنى كۆرەلمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئانىسىنى، سۆيۈملۈك زىبانى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن، مەگزىنى بويلاپ ئىختىيارسىز سىرغىغان كۆز يېشىنى سۈرتتى -دە، كېچە تاماق ئەكىرگەن ئاشپەز مەھبۇستىن ئېلىۋالغان بىر ئۇرام تاماكىنىڭ قالدۇقىنى قولىغا ئالدى. سەرەڭگە قېپىدا گۈگگۈرتى ئاساسەن چۈشۈپ بولغان بىر تال سەرەڭگە ياغىچى قالغان ئىدى. ئۇ، يوتقىنىدىن

ئازراق ماز ئېلىپ تىنىقاندىن كېيىن، ئۇنى سەرەڭگە ياغىچىغا چىلاپ يۆگەپ، ئالقىنىدا بىرھازا پىشلاندۇرۇپ يەرگە قويدى، ئاندىن ئاياغ چەمى ئارقىلىق ئىككى تەرەپكە زەربە بىلەن سۈركىدى. مازدىن كۆيگەن پۇراق چىققاندىن كېيىن، ئۇنى قولغا ئېلىپ ئاستا پۇۋلەپ چوغلاندۇرۇپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ۋە قاتتىق شوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالى مانا ئەمدى ئۆزىگە قايتقان ئىدى. «مەن تۈرمىدە بىكاردىن ـ بىكار 15 يىل ياتامدىمەن، ياق، مەن تۈرمە سىرتىغا چىقىپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان ئاشۇ مەخلۇقنى تېپىشىم كېرەك. بۇ قېتىم يەنە قېچىش كېرەك، قاچقاندىمۇ باشقا بىر سىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىشىم كېرەك ...»

ئۇ، سوتقا يەنە بىر قېتىم ئەرز يېزىشنىمۇ ئويلىدى. بىراق، ئۆزىنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ ئىسپات يوق ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، بەربىر دەسلەپكى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ، بىردىنلا ئامال تاپقاندەك ھېس قىلدى. توغرا، بىر مەزگىل ياخشى ئىشلەپ كادىرلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، پۇرسەت تېپىپ قاچاي ـ دە، ئۇرۇمچىگە بېرىپ زىبانى تاپاي. ئۇ، مېنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىمگە ئىشىنىدۇ، چوقۇم ئىشىنىدۇ، چۈنكى بىز كۆڭۈل ئىزھار قىلىشمىغان بولساقمۇ، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشىمىز. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماڭا چوقۇم ئورۇن بار، بۇ دۇنيادا ماڭا ياردەم قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ. بولمىسا ئۇ، ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە، «دادام ئۇرۇمچىدە قالدۇرىمەن دەۋاتىدۇ، مېنىڭ يۇرتقا قايتىپ

سىزنى پات - پات ئىزدەپ تۇرغۇم بار، ئۇ يەردە پەقەت قالغۇم يوق 〉 دەپ ئۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىپ يىغلىمىغان بولاتتى ...

كامىر ئىشكىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىرپان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشكنىڭ ئىچىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۈگۈن ئەتىگەندە تۇنجى بولۇپ كامىرغا كىرگىنى ئەترەت باشلىقى كېرىم ئىدى.

— ھە جاھىل قاچقۇن، قانداقراق ؟ — سورىدى ئەترەت باشلىقى ئىرپانىنىڭ بۈگۈن خۇشال كۆرۈنۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ.

— دۈيجاڭ، ئويلىسام، راست مەن ياخشى قىلماپتىمەن، — دېدى ئىرپان جەزملەشتۈرۈپ قويغىنى بويىچە، ئاتايىن يەرگە قارىۋېلىپ، — ئەمدى پۇشايمان قىلدىم، بۈگۈن سوراق قىلىسىڭىز قېچىشتىكى مەقسىتىمنى تولۇق دەپ، مەسىلەمنى تاپشۇرۇپ، ياخشى ئىشلەپ، بالدۇرراق جەمئىيەتكە چىقىشقا شارائىت ھازىرلىسام، دەيمەن.

— بولىدۇ، ئەمسە تاماق يېگەچ ئويلىنىپ تۇر، — دېدى كېرىم بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇرساڭ بۈگۈنلا كامىردىن چىقىپ، ئەتىدىن تارتىپ ئىشلەيسەن. دېمىسىمۇ، بۈگۈن بەش كۈن بولدى. ئەمسە مەن گېپىڭگە ئىشىنىپ چىقىپ كەتتىم.

خىيالى تۈرمىدىن بالدۇرراق قېچىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قالغان ئىرپان بۈگۈنكى سوراقتا

ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ، بۇرۇنقى سوراقلاردا ئېيتقان «ئوغرىلىق قىلىمىدىم» دېگەن گەپنىڭ يالغانلىقىنى، قېچىشتىكى مەقسىتىنىڭ سوتقا ئەرز قىلىش ئەمەس، تۈرمە سىرتىغا چىقىپ، زېرىكىشتىن قۇتۇلۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە: «مەن ناھەق كېسىلگەن بولسام ئەلۋەتتە ئوتتۇرا سوتمۇ بۇرۇنقى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالمايتتى، مەن بۇرۇن شۇنداق دېسەم قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ جىنايىتىمدىن تېنىۋالغان، ئەمدى ئويلىسام ئۇ بىر خام خىيالكەن، مۇشۇ يەردە ئىشلەپ چىقىپ كەتمەكتىن باشقا ئامال يوقكەن، مەن بۇنىڭدىن كېيىن، تەشكىلنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە باشقۇرۇپ تەربىيىلەشكە بويسۇنۇپ، ياخشى ئۆزگىرىمەن...» دېگەنگە ئوخشاش يالغان ئىقرار، ۋەدىلەرنى بېرىپ، سوراق مەيدانىدىن چىقتى. شۇ كېچىسى ئۇ، كامېردا ئەمەس، مەھبۇسلار ياتىقىدا — بۇرۇنقى ئورنىدا ياتتى. كادىرلار ئۇنىڭ بىراقلا بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئادەم قويدى. دېگەندەك، ئىرپان كامېردىن چىققاندىن تارتىپلا ھەرقايسى جەھەتلەردە ئاكتىپ بولۇپ كەتتى. باشقا مەھبۇسلار ۋەزىپىسىنى سەككىز سائەتتە ئاران تۈگەتسە، ئىرپان تۆت - بەش سائەتتە تۈگىتىپ يەنە ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ تۇردى. تۈرمە ئىچىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى كادىرلارغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئۇ مۇشۇ پەيتتە كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، ئارىدىن بىر يېرىم يىلدىن ئۇزاقراق ۋاقىت

ئۆتۈپ كەتتى.

باش باھار، قار - مۇزلار ئېرىپ، دەل - دەرەخلەر بىخ سۈرۈشكە باشلىغان چاغ. ئىرپان ئاكتىپ ئۆزگەرگۈچىلەرنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنىدا مەيدىسىگە قىزىلگۈل تاقاپ، «ئاكتىپ ئۆزگەرگۈچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 6 - ئايدا ئۇ، گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كادىرلارنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاۋاتقان «جىنايىتىم بولمىسا بىكاردىن - بىكار تۈرمىدە ياتامدىمەن» دېگەن بىر خىيال ئۇنى كۆپ قېتىم قىيىنچىلىقتا قالدۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا قېچىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى پەيتىنى كۈتۈپ لېۋىنى چىشلەپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئارىلىقتا زىيانىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر ئىدارىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىق خەۋىرى ۋە ئۇ ئەۋەتكەن پۇللارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. زىبا ئۇنى ئۈچ قېتىمدەك يوقلاپ كەلدى، ئۇلار ئايدا بىر قېتىم دېگۈدەك خەت يېزىشىپ تۇردى. ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغان يەنە بىر ئادەم تاغىسى ئىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئىرپان كۈندىكىدەك بىر كادىرنىڭ نازارەتچىلىكىدە 15 مەھبۇس بىلەن بىللە ئەترەتتىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا ئېرىق چاپقىلى چىقتى. ئۇ، «بۈگۈن زادى قاچىمەن» دېگەننى جەزملەشتۈرۈپ، بىر يەردە تۇرغۇسى كەلمەي، مەھبۇسلارنى پات - پات ئارىلاپ، كادىرغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ تۇردى. شۇ ئەسنادا بىر مەھبۇسنىڭ پۇتىنى

كەتمەن كېسىۋېتىپ، كادىر ئىرپاننى تېزدىن ئەترەتكە بېرىپ، دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇدۇل ئەترەت تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئەترەتكە بىرەر كىلومېتىر قالغاندا يان تەرەپتىكى چوڭ يولدا ئېگىز يۈك بېسىلغان بىر ماشىنا توپا توزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ماشىنىغا چەبدەسلىك بىلەن چىقىۋالدى - دە، يۈك ئۈستىگە بېسىلغان بىرېزېنت پالاسنىڭ بىر ئۇچىنى قايرىپ ئارىلىققا يوشۇرۇنۇۋالدى.

تەخمىنەن بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يولنىڭ سول تەرىپىدىكى چەكسىز كەتكەن توغراقلىق ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆز ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايۋاتقان بولسىمۇ، ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرگىنىچە ئۇچىسىدىكى مەھبۇس چاپىنىنى سېلىپ قولتۇقىغا قىستى. شۇ تەرىقىدە بىرەر سائەتتەك يۈگۈرۈپ، ئاخىر ھاسىراپ ھالى قالمىغاندا بىر غۇژمەك توغراقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالدى. كۆزىگە توغراقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەن، قۇلىقىغا ھاسىرىغان ئاۋازدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، يۈزىدىكى تەرىنى چاپىنىنىڭ پېشىدە سۈرتۈپ يەنە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ، شۇ ماڭغانچە قاراڭغۇ چۈشۈپ، قورسىقى ئاچقانغا قەدەر مېڭىپ، ھالى قالمىغاندا بىر توغراققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ نان يېگەچ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا شېرىن ئۇيقۇدىن

ئويغاندى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىغا قاراپ كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشۈپ، يەنە يولغا راۋان بولدى. بىرئازدىن كېيىن مەشرىق تەرەپتە ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن، ئادەملەرنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، ماشىنىغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، 200 مېتىرچە يىراقلىقتا تۆت ئادەمنىڭ بىر ماشىنىغا ئوتۇن بېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى، توغراقتىن چۈشۈپ، ئۈستۈپىشىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇۋېتىپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ناھايىتى مۇلايىم ئاۋازدا سالام بەردى ئۇ، ئوتۇن بېسىۋاتقانلارغا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — يەردىن ئوتۇن سۇنۇپ بېرىۋاتقان كىشى ئوتۇننى قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ يەنە بىر ئوتۇنچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ماشىنا ئۈستىدىكىلەر بىلەن ئايرىم سالاملاشتى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن كىشى مويسىپىتراق كۆرۈنەتتى.

— بالام، نەگە بارىسەن، نەدىن كېلىشىڭ؟ — سورىدى ھېلىقى كىشى ئىرپاننىڭ ئۈستۈپىشىغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن.

— مەن K ناھىيىسىدىن، ئاكام ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كەتكەن. كىشىلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ مۇشۇ جاڭگالدا ئوتۇنچىلىق قىلىۋاتقانمىش، ئىزدەپ كېلىشىم، لېكىن تاپالمىدىم، — دېدى ئىرپان ئالدىرىماي.

— ئۇكام، بۇ جاڭگالدا ئوتۇن كولاپ ساتىدىغان

مۇشۇ تۆتەيلەندىن باشقا ئادەم يوق ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ ، — قارىغاندا خېلى جاپا تارتقان ئوخشايسەن ، بىز بىلەن ناھىيىگە بېرىپ شۇ يەردىن كېتىۋال ، بۇ يەر خەتەرلىك ، بىز كەتسەك بۇ يەردە ئادەم زاتى قالمايدۇ ، بىزمۇ ناھىيىدىن ماشىنا ئۇقۇشۇپ ، بۇ يەردىن ئوتۇن ئاپىرىپ سېتىپ جان باقىمىز .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ، — دېدى ئىرپان خۇشال بولۇپ ، — ئاكام ئەركىشى بولغاندىكىن بىر كۈنى بارار ، ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ ئۆزۈم يوقاپ كېتىدىغان ئوخشايمەن .

بىر سائەتچە ۋاقىتتا ئوتۇننى بېسىپ بولۇپ ، ئوتۇنچىلار خۇرجۇنلىرىدىن نان ۋە سۇدانى چىقىرىپ غىزالىنىشقا باشلىدى . ئىرپان قورسىقى ئېچىپ ، ئۇسساپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ ، خىجىل بولۇپ ، بىر چەتتە ئولتۇردى .

— ھوي ئۇكام ، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ ، ئازراق بىر نەرسە يېمەمسەن ، كەل ، — دېدى ياشقا چوڭراق بايىقى كىشى يېنىدىكى ئورۇننى كۆرسىتىپ .

— S ناھىيىسىگە بارساڭ ئۆيۈڭگە كېتەلەمسەن ؟ — سورىدى باياتىن ماشىنا كابىنكىسىدە ئۇخلاپ ، ئەمدى مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان شوپۇر ئىرپاننىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ .

— خاتىرجەم بولسىلا ئۇستام ، كېتەلەيمەن .

ماشىنا قوزغىلىپ ، شورلۇق جاڭگالدا ئۈچ سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن بىر يېزا يولىغا كىردى . باياتىندىن بېرى

خاتىرجەم ئولتۇرغان ئىرپاننىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ ئەتراپقا ئىسەنكىرەپ قارايتتى. شۇ ئارىدا ماشىنا يول تۆپىسىدە توختاپ، ھېلىقى تۆتەيلەن شوپۇر بەرگەن پۇلنى ئالدى ـ دە، توپىلىق يول بىلەن مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. ئىرپان شوپۇرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كابىنكىگە كىرىۋالدى. شوپۇر 50 ياشلار چامىسىدىكى خۇشخۇي ئادەم بولۇپ، ئىرپاندىن ئۇنىڭ ئاكىسى، ئاكىسىنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق گەپلەرنى سوراپ تۇردى. ئىرپانمۇ شوپۇرنى زېرىكتۈرمىدى.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە يېرىم كېچە بولاي دېگەندە S ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. ئىرپان S ناھىيىسىگە بۇرۇن كېلىپ باقمىغاچقا ماشىنا چوڭ يولغا چىققاندا شوپۇرغا، «مۇشۇ يەردە بىر تۇغقىنىم بولىدىغان، كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ، شۇ يەردە قونۇپ، ئەتە K ناھىيىسىگە كېتەي» دەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى. ئۇ، يول بويىدىكى بىر بوتكىدىن بىرنەچچە قاپ تاماكا، گاز سۈيى، پېچىنە دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، بىر خالىي جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قورسىقىنى راسا توقلىۋالغاندىن كېيىن، چوڭ يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ماڭغان بىر يۈك ماشىنىسىغا ئېسىلىپ چىقىپ B شەھىرىگە كەلدى. بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ شەھەردىن بىر قۇر كىيىم، بىر دانە ئۆزگىرىشچان كۆزەينەك سېتىۋېلىپ، سالاپەتلىك بىر كىشىگە ئايلاندى ـ دە، يولۇچىلار بېكىتىگە بېرىپ ئۈرۈمچىگە يول ئالدى. ئاپتوبۇس بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە

يېتىپ كەلدى . ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ، زىبا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ئىدارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغۇچە زىبانىڭ چىقىشىنى كۈتتى . چۈشلۈك دەم ئېلىش بولۇپ ئىدارىدىن چىققان كىشىلەر ھەر تەرەپكە كېتىشتى . بىراق ، زىبا كۆرۈنمەيتتى . ئىرپان بىرئاز ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ ، بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، دەرۋازىۋەندىن زىبانى سورىدى . دەرۋازىۋەن ئىرپاننىڭ چالا ـ بۇلا قىلغان خەنزۇچە گەپلىرىدىن مۇددىئاسىنى چۈشەندى بولغاي ، ئىشخانا بىناسىنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى . ئىرپان ئېگىز بىناغا تازا زەن سېلىپ قاراپ تۇراتتى ، كۆز ئالدىدىن ۋېلىسىپىت يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر قىز ئۆتتى . ئۇ قىزغا شۇئان سالام قىلدى ، مۇلايىملىق بىلەن زىبانىڭ ياتىقىنى سورىدى .

— ئۈچىنچى ئىشىك ، بىرىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي ، — دېدى قىز ئېرەنسىزلىك بىلەن . ئۇ ، ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە ماڭدى ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى .

— ۋوي ، ئىرپانمۇسىز ؟ ئوگۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ ؟ — دېگىنىچە ئىرپاننىڭ بوينىغا ئېسىلدى زىبا . ئىرپانمۇ ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى . ئۇلار بىر ھازا كۆز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن ، زىبا ئىرپاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .

— ئىرپان ، قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز ، قويۇپ بەردىمۇ ؟ — سورىدى زىبا يىغا ئارىلاش .

— بولدى زىبا، يىغلىماڭ، — دېدى ئىرپان ئۆزىنى ئوڭشاپ، — يىغلاش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، مەن شۇنداق شور پېشانە يارىلىپتىكەنمەن. ئاللانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. ھېچقانداق گۇناھىم يوق تۇرۇپ، تۈرمىدە ئازاب تارتىشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى. ئاخىر تەۋەككۈل قىلىپ تۈرمىدىن قېچىپ چىقتىم. بىرەر ئامال تاپاي، دەپ بۇ يەرگە كېلىشىم. ئىشىنىمەن، ھەق دېگەن ھامان ھەق. سىزگە ئېنىق، بۇ دۇنيادا سىزدىنمۇ يېقىنراق بىرەر ئادىمىم يوق. تاغام بولسا دېھقان، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ. ماڭا پەقەت سىزلا ياردەم قىلالايسىز. زىبا سىز ماڭا ئىشىنىڭ، مەن راستىنلا ئۇ پۇللارنى ئوغرىلىمىغان، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ماڭا بىرسى زىيانكەشلىك قىلدى.

— قورسىقىڭىز قانداق، تاماق ئېتىپ بېرەي، — دېدى زىبا ئىرپاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ.

— رەھمەت، تاماق يېگۈم يوق زىبا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن راستتىن ئوغرى ئەمەس، ئەگەر مەن راستتىن شۇنداق قىلغان بولسام سىزنى ھەرگىزمۇ ئىزدەپ كەلمىگەن بولاتتىم. تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئۆزۈمنى ئاقلايمەن دېيىشمۇ توغرا ئەمەس، مەن كۆپ ئويلاندىم، بىراق ماڭا مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، تۈرمىدە بىكاردىن - بىكار ئۈچ يىل ياتتىم. بىر قېتىم قېچىپ ئىككى يىل ۋاقتىنى قوشۇۋالدىم، يەنە 15 يىل ياتىدىغان گەپ. ماڭا راستتىنلا ئۇۋال قىلىندى. سوتقا ئەرز يازدىم، ئوغرى ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇ پاكىت بولمىغاچقا،

يەنە بۇرۇنقى ھۆكۈم كۈچكە ئىگە قىلىندى.
ئىرپان بىلەن زىبا بىر يېزىدىن بولۇپ، بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان. ئىرپانىنىڭ دادىسى ئۇ كىچىك چاغدىلا قازا قىلغاچقا، جاپاكەش ئانا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىرپاننى مەكتەپتە ئوقۇتتى. ئانا مېھرى سەۋەبى قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىرپان مەكتەپتە ياخشى ئوقۇدى. شۇ يېزىدىن تۇنجى بولۇپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا باردى. ئىككىنچى يىلى زىبامۇ ئىمتىھان بېرىپ دەل شۇ مەكتەپكە ئۆتتى. ئۇلار خۇددى ئاكا - سىڭىللاردەك ئىجىل بولۇپ، ئالىي مەكتەپ مۇھىتىغا تېزلا كۆنۈپ كەتتى. سىرتلارغا بىللە چىقاتتى، بىللە تاماق يەيتتى، بىللە كىنو كۆرەتتى. بەزىدە تانسىلارغىمۇ بىللە كىرەتتى. يېزا باشلىقىنىڭ قىزى زىبا نامراتلىقتىن زادىلا قۇتۇلۇپ باقمىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان ئىرپانغا كۆپ ياردەم قىلدى. بۇ ئىش ئىرپاننى تەگلىككە سالاتتى، شۇڭا ئىرپان گەرچە ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن، زىبانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قەرزداردەك ھېس قىلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇھەببەتكە ئايلاندى. بۇ ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى. ئۇلاردا بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ساقلانغان ئىللىق بىر سېزىم ئەمدى ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان ئىدى.
بىر كۈنى زىبا ئۆيگە تېلېفون ئۇرغاندا، ئىرپانىنىڭ ئانىسىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ، ئىرپانىنىڭ قولىغا 400 يۈەن تۇتقۇزۇپ يۇرتقا يولغا سالدى. ئىرپان ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تۈگىتىپ قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن، زىبا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇپ، كۆپ تەسەللى بەردى، قىزلارغا خاس مېھرىبانلىق بىلەن ئىرپانغا ئۈمىد بەخش ئەتتى. ئىرپان ئۆز سۆيگۈسىنى يوشۇرغانچە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېزىسىغا قايتىپ كەتتى، ھەتتا زىبا تەتىل قىلىپ يېزىغا بارغاندىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئۈندىمىدى. زىبا تەتىلدىن قايتقاندىن كېيىن، ئىرپان زىبانىڭ دادىسى تۇرسۇن داۋۇتنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىنىڭ مالىيە ئىشخانىسىغا ئورۇنلىشىپ خىزمەتكە چۈشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئىرپان تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقىپ ئۆز ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇردى. تاماقنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن يېدى. ئۇنىڭ روھى كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ياشاش ئۇنىڭغا ئەھمىيەتسىز تۇيۇلۇپ، زادىلا ئۆزىگە كېلەلمەي يۈردى. زىبادىن پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق خەتلەر ئۇنى تۇتۇپ تۇرمىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر ئىرادىسىزلىكىگە ھەيران قالاتتى. ئۇ ھاراقنى كۈندىن - كۈنگە كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى.

زىبا قىشلىق تەتىلدە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭداشتى. شۇنداقتىمۇ ئىرپان ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زىبا تەتىلدىن قايتقاندىن كېيىن يېزىدا، «زىبا ئىرپانىنىڭ ئۆيىدە قونۇپتۇ، ئۇلار توي قىلىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىرپانغا كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن تۇرسۇن داۋۇتنىڭ جاھىلى قاتتى. ھە دېسىلا، ئىرپانىنىڭ

يېتىملىكىنى تىلغا ئېلىپ، گەپتە چېقىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئىرپان گەرچە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغايتتى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئىشىق ئوتىغا قوشۇلغان بۇ ئاھانەتلەر گە چىدىمىغان ئىرپان زىباغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ باشقا نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇ كۈنلەردە ئىرپان باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن، تۇرسۇن داۋۇتنىڭ: «ئۇنداق يېتىم ئوغلاققا بېرىدىغان قىزىم يوق، جېنىنى بېقىپ قالسۇن دەپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام نېمە ھال، ھالىغا بېقىپ ئىش قىلسۇن ئۇ قەلەندەر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. بىراق ئۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى.

يېزا مالىيىسىدە بوغالتىرلىق قىلىۋاتقان ئىرپان بارا - بارا مالىيىدە چاتاق بارلىقىنى بىلىپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە ناھىيە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندەك «ھېساب تەكشۈرىمىز، كىرىم - چىقىم ھېسابىنى تەقلەپ قويسۇن» دەپ خەۋەر قىلدى. ئىرپان ھېسابىنى جەملىۋىدى، تۇرسۇن داۋۇتنىڭ بۇيرۇشى، ئۆزىنىڭ ئېلىشى بىلەن چىقىم قىلىنغان 50 مىڭ يۈەندەك پۇلغا ئورۇن تاپالمىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى تۇرسۇن داۋۇتقا ئېيتتى. بىراق تۇرسۇن داۋۇت «ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلىپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈۋەت» دېدى. ئىرپان يەنىلا ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بىرئاز پۇل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېسابقا چىقىشمىدى. بۇنچىۋالا پۇلنى ئۇ نەدىنمۇ تاپسۇن؟ ئۇ يەنە تۇرسۇن داۋۇتنى ئىزدىدى. تۇرسۇن داۋۇت، ناھىيىدىن

قۇتقۇزۇشقا بەرگەن 30 مىڭ يۈەن پۇلنى بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىپ ھېسابقا كىرگۈزۈشنى ئېيتتى. بىر ئاي بۇرۇن پاختا زاۋۇتىدىن مالىيە بۆلۈمگە يۆتكەپ كېلىنگەن مەمەت بىلەن ئىرپان پۇللارنى ساناپ بىخەتەر ئىشكاپقا سالدى.

تۇرسۇن داۋۇت يۆتكەپ كەلگەن مەمەت ئىسىملىك بۇ ئادەم تولىمۇ ھېيلىگەر، قاقۋاش كىشى بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنى «مەمەت نوختا» دەپ ئاتىشاتتى. ھېسابات يېزىلغان قەغەزلەرنىڭ ھەممىسى بىخەتەر ئىشكاپتا بولۇپ، ئاچقۇچى ئىرپاندىلا تۇراتتى. مەمەت مەخپىي سىفىرنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈنى ئىرپان پۇل ـ تالونلارنى بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتتى. ئەتىسى ئىشخانىغا كېلىپ ئىشكاپنى ئېچىۋېدى، ئىشكاپ ئىچى قۇپقۇرۇق. ئىرپاننىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ۋەھىمە بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئەھۋالنى تۇرسۇن داۋۇتقا ئېيتتى.

ــ نېمەدېدىڭ ؟ ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى تۇرسۇن داۋۇت ئىرپان بىلەن ئىشخانىغا چىقىپ ئىشكاپنى كۆرۈپ، ــ ئادەم كولدۇرلاتماي دەرھال پۇلنى تاپ!

ئىرپان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، تىپىرلاپ كەتتى. قانچە ئويلاپمۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. دېمىسىمۇ، بىر يېزىنىڭ بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىم تالونى بىلەن ئوتتۇز نەچچە مىڭ يۈەن پۇلى يىتكەن تۇرسا. تۇرسۇن داۋۇت غەزەپلىك پوشۇلدىغىنىچە چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ يېزىلىق ساقچىخانىدىكىلەرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ئىرپاندىن ئەھۋال سوراپ، سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

تۇگىمەس سوئال ـ سوراق ۋە چۇشەندۇرۇشلەر كەچ كىرگۇچە داۋام قىلدى . كەچتە ناھىيىدىن كەلگەن تۆت نەپەر ساقچى ئىشكاپلارنى سۇرەتكە تارتىپ بولۇپلا ، ئىرپاننىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ماشىنىغا چىقاردى ـ دە ، ناھىيىگە ئېلىپ ماڭدى . ۋەھىمىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئىرپان ، توۋيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن تۇگىشىپلا كەتتى . ئۇ ، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا بارغاندىن كېيىن ، بولغان ئەھۋاللارنى ئەينەن دېگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى . « ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى سەندە تۇرسا ، يا بۇزۇلمىسا ، پۇل زادى نەگە كېتىدۇ ؟ » ئىرپان بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي ، « ماڭا بىرسى قەست قىلدى » دەپ تۇرۇۋالدى . لېكىن ، قەست قىلغان ئادەم كىم ؟ ئىسپات قېنى ؟ بىرنەچچە كۇندىن كېيىن ، مەمەت نوختا بەرگەن « مەن مالىيە ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئىرپان ئىشلەۋاتقان ھېسابتا مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلغان » دېگەن ئىسپات ئىرپاننى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۇشۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ يەنە سەۋەب كۆرسىتىشكە ئورۇن قالمىغان ئىدى . ئاخىر « ئوغرى ئىرپان ، ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار ئەمەس ، دەلىل ـ ئىسپات تولۇق ، پۇلنى باشقا ئادەم ئوغرىلىمىغان ، تەكشۇرۇش ئارقىلىق ئىرپاننىڭ ھەقىقىي ئوغرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى . ئۇ ، مالىيىدىكى ئۆزى خىيانەت قىلغان پۇللارنى يوشۇرۇش ئۇچۇن ، بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىم تالونلىرى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا بەرگەن 30 مىڭ يۈەن پۇلنى ئوغرىلاپ يوق قىلىۋەتكەن » دەپ بېكىتىلدى .

ئىرپان قانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى . ئۇ ، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ سوراقلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل جاۋاب بېرىپ ، جىنايىتىنى زادىلا بويىنىغا ئالمىدى . ئاردىن تۆت ئاي ئۆتكەندە ئۇنىڭغا 15 يىللىق قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىنىپ ، x تۈرمىسىگە يۆتكەلدى . ناھىيە تۈرمىسىدە ياتقان چاغدا زىبانىڭ يوقلاپ بارغانلىقىنى باشقىلاردىن ئۇقتى . كېيىن x تۈرمىسىگە تەتىلدە يوقلاپ بارغاندا ، ئىرپان ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن خىجىللىق هېس قىلغان بولسىمۇ ، گۇناھسىزلىقى ئۆزىگە ئايان بولغاچقا ، ئۇ يەنىلا زىبا بىلەن كۆرۈشتى . زىبا ئۇزاققىچە ئېسەدەپ يىغلىدى . ئىرپان ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى . شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئوتتۇرا سوتقا ئەرز يازدى ، لېكىن ، « بۇرۇنقى هۆكۈم كۈچكە ئىگە » دەپ قايتا هۆكۈم چۈشتى .

بىر كۈنى ، ئىرپان كادىرنىڭ بىخۇدلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپ ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپلا تۇتۇلۇپ قالدى . شۇ چاغدا ئۇ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى ، لېكىن ، زىبانىڭ خېتى ، يوقلاپ كەلگەندە قىلغان گەپلىرى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ، « سىز مەن ئۈچۈن پاك ، 15 يىل ئەمەس ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بولسىمۇ سىزنى ساقلايمەن . يۇرتقا يۆتكىلىپ كېتەي دېسەم ، دادام ، ‹ سېنى ئاران ئۇرۇمچىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇم ، شۇ يەردە ئىشلەيسەن ، نەۋرە ئاكامنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىسەن . شۇڭا ، 25 مىڭ يۈەنگە ئۆي ئېلىپ بەردىم › دەۋاتىدۇ . بىراق ، سىز مەن ئۈچۈن پاك ،

مەن مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ » دېگەن سۆزلىرى ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ، هاياتلىققا ئۈندىدى .

باياتىندىن بېرى ئۆز دەردىنى تۆكۈش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىرپان ، ئىشىك تۈۋىگە راسلاپ قويۇلغان چامادان ۋە سەپەر سومكىلىرىغا نەزەر ئاغدۇردى . بۇنى سەزگەن زىبا ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى :

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۆيدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ ، دادام هادىسىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ ، ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن ، شۇنداقتىمۇ بارمىسام بولمىغۇدەك . چۈشتىن بۇرۇن ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ ، بۈگۈن كەچلىك ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ قويغان ، سەل تۇرۇپ يولغا چىقىمەن . دادامنى يوقلىغاچ ، يۇرتتىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇشۇپ كۆرەي ، ئەگەر خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ قالسا ئىشىڭىز ئايدىڭلىشار . يېڭى ئۇچۇر بولمىسا ، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئەھۋالنى ئەينەن يېزىپ ، يۇقىرى سوتقا ئەرز سۇنايلى . سىز ئۈچۈن نېمە بولسام مەيلى ، يامىنى كەلسە « قاچقۇننى يوشۇرغان » دەپ مېنىمۇ سولاپ قويار . سىز دېگەندەك ، ھەق هامان ھەق . مەن كەلگۈچە تالاغا چىقماڭ . مەن لازىملىق نەرسىلەرنى يېتەرلىك ئەكىرىپ بېرەي . ھە راست ، دادام بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەھۋالنى سوراپ باقاي .

زىبا شۇ كۈنى كەچتە يولغا چىقتى . يول بويى ئىرپاننىڭ ئىلتىجا ۋە ئۈمىد كە تولغان قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنى قىينايتتى ، يۈرىكى يىغلايتتى .

ئۈچىنچى كۈنى سائەت 10 ئەتراپىدا زىبا ئاخىر

ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. يۈكلىرىنى بېكەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، دوختۇرخانىغا باردى. ئۇ، كېسەلخانا بىناسىغا كىرىپلا، كارىدوردا تېپىرلىشىپ تۇرغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇ ئانىسى، ئاكا - سىڭىللىرى بىلەن يىغا - زار قىلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن دادىسى ياتقان ياتاققا كىردى - دە، يۈز - كۆزلىرى ئاپئاق بېنتلانغان دادىسىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى..

— زىبا... زىبا...

دادىسىنىڭ ئاران - ئاران چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان زىبا يىغىسىنى توختىتىپ، دادىسىغا قارىدى. دادىسى نېمىنىدۇر زىباغا دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلىتاتتى.

— سىز سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭ، — دېدى شۇ ئەسنادا ياتاققا كىرگەن دوختۇر بىلەن سېسترا.

زىبا ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا ئىككى ساقچى ئۇلارغا قاراپ كەلدى.

— سىلەر تۇرسۇن داۋۇتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ؟

— نېمە ئىش؟ — دېدى زىبانىڭ ئانىسى زەئىپ ئاۋازدا.

— سىلەرنى بىر ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويماقچى ئىدۇق. ھېلىقى ساقچى قولىدىكى سومكىدىن بىر كىچىك ئۈنئالغۇنى ئېلىپ، كونۇپكىنى باستى. ئۈنئالغۇدىن تۇرسۇن داۋۇتنىڭ تولىمۇ پەس ئاۋازدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ

قىلغان سۆزلىرى ئاڭلاندى:

«ئىقرار نامە، مەن تۇرسۇن داۋۇت، ئەقىلسىزلىقىمدىن مەمەت بىلەن بىرلىشىپ بىگۇناھ ئىرپانغا ئۇۋال قىلدىم، مەقسىتىم قىزىمنى ئۇنىڭغا بەرمەسلىك ھەم ئۆزۈم خىيانەت قىلغان پۇللارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىنى توسۇش ئىدى. مەن مەمەتنى قەستەن ئىرپاننىڭ ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇنىڭغا ئىرپاندىن ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغرىلىتىپ، باشقا بىر ئاچقۇچ ياسىتىپ ئۇنىڭغا بەردىم ۋە بىر ئامال بىلەن مەخپىي سىفىرنى بىلىۋېلىشنى تاپىلىدىم. پۇل ۋە تالونلارنى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېچىدە مەمەتكە مەن ئوغرىلاتقان، تالونلارنى ئىككىمىز بىللە كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇ پۇلدىن مەمەتكە 10 مىڭ يۈەن بەرگەن ئىدىم. ئاشۇ ئىش يۈز بېرىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، مەن ئۇشتۇمتۇتلا كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. كېسەللىك كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى، ھەتتا ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالدى. مەن قىلمىشلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ كۆردۈم. ۋىجدانىم، ‹سەن ئىرپانغا ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلدىڭ، شۇڭا، ئۇ دۇنياغا مېڭىش ئالدىدا بۇرچۇڭنى ئادا قىلىپ، راست گەپ قالدۇر› دېدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئىقرار نامىنى قالدۇردۇم».

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدى.


— بۇ راست، مەمەت ھازىر قاماقتا، ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندە سىلەرگە ئۇقتۇرىمىز، — دېدى يەنە بىر

ساقچى.

شۇ ئارىدا كىيسەلخانىدىن، بايا كىرىپ كەتكەن دوختۇر بىلەن سېسترا قايتىپ چىقتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇرسۇن داۋۇتنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. دوختۇر بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن:

— ئۇ ساقىيالمىدى ... دېدى غەمكىن.

1997 - يىل، 10 - ئاي



# كۆلەڭگە

ئىشتىن چۈشۈپ موتىسكلىتىمنى يېتىلىگىنىمچە ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇرۇشۇم، بىر سىنىڭ «ئالىم! ھەي ئالىم» دەپ تووۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسام، ئالىي مەكتەپتە بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئۇرۇمچىلىك ساۋاقدىشىم خالىق مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، بىز ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتۇق.

— ۋاي، ھاياتمۇسەن، قايسى شامال سېنى بۇ ياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەلدى، يوقاپلا كەتتىڭغۇ ... ؟ — دېدىم ئۇنىڭ يۈزۈر كىيىنگەن ئۇستۇبېشىغا سەپسېلىپ.

— مېنىڭمۇ ساۋاقداشلار بىلەن ھەمىشە ئىزدىشىپ تۇرغۇم بار ئىدى، لېكىنزە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ۋاقىت چىقىرالمىدىم. قانداق، ئۆزۈڭ سالامەت، باشقا ساۋاقداشلارمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ، — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ.

— خۇداغا شۈكرى، بەلەن تۇرۇۋاتىمىز، ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداشلارمۇ سالامەتتۇ، كۆرۈشۈپ

تۇرۇۋاتقانىسلەر.

— شۇنداق، كۇندە دېگۇدەك ئۇچرىشىپ، سىلەرنى ياد ئېتىپ تۇرىمىز، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن قىممەت باھالىق بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ ماڭا بىر تال ئۇزاتقاچ.

— ئۇچراشقىنىمىز بەك ياخشى بولدى، يۇرە، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ غىزالانغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدىم ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىق ۋە ھۆرمىتىمنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، — ئاڭلىسام دەسلەپتە تەقسىم قىلىغان ئىدارىڭدىن ئالمىشىپ كېتىپسەن، ھازىر نەدە ئىشلەۋاتىسەن؟

— راست ئاڭلاپسەن، باشتا تەقسىم قىلىنغان ئىدارىدىكى ئىشىمنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ ئاۋۋال بىر شىركەتتە ۋاقىتلىق تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدىم. كېيىن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «قاشتېشى ئويمىچىلىق شىركىتى» قۇردۇق، ھازىر تىجارىتىمىز ئوبدان. جەنۇبتىن قاشتېشى ئېلىپ، ئىچكىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەرگە ساتىمىز. ھازىر شىركەتنىڭ نەچچە مىليون پۇلى بار. مەن ئاشۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى، — دېدى ئۇ تولىمۇ كۆرەڭلەپ.

— ھازىرغۇ پۇل بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، بىراق سېنىڭ بەش يىل مىلىڭ جاپادا ئوقۇپ، بۈگۈنگە كەلگەندە كەسپىڭدىن چەتنەپ كەتكىنىڭ قاملاشماپتىمۇ نېمە؟ — دېدىم ئۆزۈمچە ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىپ.

— خىزمەت دەپ قاپسەن بۇرادەر، تىجارەت دېگەندىچۇ سەندەك كادىر نەچچە يىلدا تاپقان پۇلنى يولى كەلسە بەش مىنۇتتا تېپىپ، خالىغاننى قىلىپ يۈرەلەيدىكەنسەن، — دېدى ئۇ دەمىلاتىن جايىدا گەپ تاپالماي دولامغا ئاستا شاپىلاقلاپ.

— ئۇ دېگىنىڭغۇ راست، ھازىرقى زاماندا پۇل ھەممىنىڭ غوجىكىسى بولۇپ قالدى، لېكىنزە... — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ — سورىدى ئۇ مېنىڭ گۇمانلىرىمنى تۇيۇپ، قولىدىكى كىچىك خۇرۇم سومكىدىن ئۈچ دانە چوڭ - كىچىك گۇۋاھنامىنى ئېلىپ ماڭا سۇنۇپ.

— ئۇنداق بولامدىغان، — دېدىم ئۆزۈمچە گۇمانسىرىغانلىرىمدىن خىجىل بولۇپ، گۇۋاھنامىلەرنى قولۇمغا ئېلىپ قىزىقىش بىلەن كۆرگەچ.

راست دېگەندەك ئۇ گۇۋاھنامىنىڭ بىرسىگە «شىنجاڭ يېڭى ھايات قاشتېشى ئويمىچىلىق شىركىتى» نىڭ باش دىرېكتورى خالىق... دېگەن مەزمۇنلار، يەنە مەبلىغى دېگەن يەردە 200 مىليون دېگەن سانلار يېزىلغان ئىكەن.

— بۇنچە كۆپ پۇلنى نەلەردىن تاپتىڭ؟ — سورىدىمەن قىزىقىپ.

— ۋاي ئاداش، ئىككى يېرىم يىلدىن بېرى تىنىمسىز تىجارەت قىپتىمەن دېگىنە، بۇ يەرگىمۇ يەنە 100 مىڭ يۈەن پايدىسى بار بىر سودا ئىشى بىلەن كەلدىم، —

دېدى چىرايىغا ئالايىتەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ .

ــ ساڭا خۇدايىم راستىنلا بىرنېمە جۈمۇ ئاداش ، ــ دېدىم بايىقى ھەيۋەت گۇۋاھنامىلەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ .

ــ بۇ گۇيلاررزە بىردەم ئارامىمدا قويمايدۇ ، ــ دېدى ئۇ تاماق يېيىلىپ بولۇش ئالدىدا كەلگەن چاقىرغۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، دەرھال قول سومكىسىدىن بىر يانفونىنى چىقىرىپ ، ــ ۋەي سادىقمۇ ، نېمە ؟ ئەتە ئېلىپ كېتىمىز دەيدۇ ، پۇل تولۇقمىكەن ، بولدى ، بولدى ، ئۆزۈڭلار دېيىشىۋېلىڭلار ، ئىشقىلىپ پۇلنى تولۇق ئېلىڭلار ، گەپنى ئاز قىل دەيمەن . ھازىر مەن يېقىن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن تاماق يەۋاتىمەن . ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭلار تۈگىتىپ تۇرۇڭلار ، ھېلىقى مالنىڭ ئىشىنىمۇ ئۇقۇشۇپ قويۇڭلار ، ئۇچۇرى بولسا ، ماڭا تېزدىن خەۋەر قىلىڭلار ... ــ شۇئان ماڭا قاراپ ، ــ كۆرمەمسەن ئاداش ، ئازراق مال ئالغان ئىدۇق ، ئۇنى ئالدىغان بىر خېرىدار بىر ھەسسە پايدىسىنى بېرىمەن دەپ بالىلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ . بوپتۇ بېرىڭلار دېدىم .

ــ بىر ھەسسە پايدىسى دېگىنىڭ قانچە پۇل ؟ ــ سورىدىم مەن ئۇنىڭ سودىسىغا قىزىقىپ .

ــ ئاران 160 مىڭ يۈەن .

ــ نېمە ، ئاران 160 مىڭ يۈەن ؟

ــ ھەئە .

ــ ھېچقانچە جاپا تارتماستىن 160 مىڭ يۈەن پايدا ئالساڭ بولمىدىمۇ .

— سەن بىلمەيسەن، ئۇ مالنى دەل جايىغا ئاپارساق ئۈچ ھەسسە پايدىسى قالاتتى، — دېدى ئۇيالغان كۈلۈپ، — سەن باشقا ساۋاقداشلارغا خەۋەر قىلغىن، بۈگۈن كەچتە شەھىرىڭلاردىكى كاتتا بىر رېستوراندا مەن چاي قۇياي، ئۇلار مېنىڭ شېرىكلىرىم بىلەن تونۇشۇپ قالسۇن.

— ئوبدان گەپ بولدى، شۇنداق قىلاي، — دېدىمەن تاماق پۇلىنى تۆلەش نىيىتىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يانچۇق ئاختۇرۇپ.

— سەن دېگەن مائاش ئالىدىغان ئادەم، بولدى قىل، — دەپ ماڭا يول قويمىدى ئۇ سومكىدىن 100 يۈەنلىك پۇلدىن بىر باغلام چىقىرىپ ئارىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ.

بۈگۈن كەچ سائەت يەتتىدە «شادلىق رېستورانى» دا ئۈچرىشىشقا كېلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. قېرىشقاندەك ھەر ئىككى ساۋاقدىشىمىز باشقا رايونلارغا كاماندىروپكىغا كەتكەن ئىكەن. يېقىن دوستۇمدىن ئىككىنى باشلاپ، دېيىشكەن ۋاقىتتا ئولتۇرۇشقا باردىم. ئۇلار — خالىق ئۆزىگە ئوخشاش پۈزۈر كىيىنگەن ئىككى شېرىكى بىلەن كاتتا بىر يېڭى پىكاپتىن چۈشۈپ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. رېستورانغا كىرىپ، بىر شىرەگە ئورۇنلاشتۇق. خالىقنىڭ جۆيلۈشلىرى نەتىجىسىدە شىرە ئۈستى قىممەت باھالىق ھەر خىل قورۇما، ئېسىل ئىچىملىكلەر بىلەن چىتلاندى. مەن باشلاپ كەلگەن ئىككى دوستۇم خالىقنىڭ

سىپخىيلىقىغا ھەيران بولغىنىچە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا پات ـ پات قاراپ قويۇپ، گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇردى.

— دوستلار، بۈگۈن مەن ساۋاقدىشىم ھەم يېقىن دوستۇم ئالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، — دەپ گەپ باشلىدى خالىق بېلىق كۆزى قىلىپ ھاراق تولدۇرۇلغان ئىككى رومكىنىڭ بىرسىنى ئۆزى ئېلىپ، بىرسىنى ماڭا تەڭلەپ، — ئەسلىدىغۇ ئالىمنىڭ تويىغا كېلىش مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى، كېلەلمەپتىمەن. گەرچە ئۇنىڭ تويىغا بىر يىل بولغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى پۇرسەتتە ئۇنىڭ تويىنى تەبرىكلەش، بۇ يەرگە جەم بولۇشقان دوستلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە دىدارلىشىپ تۇرۇپتىمىز، — يانچۇقىدىن بىر نەرسە سېلىنغان بىر لىتاپىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزىتىپ، — ئاز بولسىمۇ تويۇڭغا سوۋغام، ئەرزىمەس بولسىمۇ كۆڭلۈم، ياندۇرماسلىقىڭغا ئىشىنىمەن. راست، بۈگۈنكى بۇ ئاددىي ئولتۇرۇشتا مەن ساھىبخان. دوستلار نېمە يېيىش، نېمە ئىچىشنى خالىسا، ھەرگىز تارتىنىپ قالمىسا، قولۇم كۆكسۈمدە... كالتا پەملىكىمنى كەچۈرۈڭلار، ماۋۇ شېرىكلىرىمىزدىن سادىق — مېنىڭ ئورۇن باسارىم، ماۋۇ دوستۇم شىركەتنىڭ بوغالتىرى، ئاۋۇسى ئىبراھىم — شىركەتنىڭ شوپۇرى.

— ماۋۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى شاۋكەت، بانكىدا ئىشلەيدۇ، — دەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدىم مەنمۇ باشلاپ كەلگەن مېھمانلىرىمنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، — بۇياق دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستۇم دىلمۇرات. قائىدە

بويىچە بولغاندا بۈگۈن بىز ساڭا چاي قۇيساق ياخشى بولاتتى ، بوپتۇ ، بىزگىمۇ نۆۋىتى كېلەر ، ھەممەيلەننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خوشە...

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ بوتۇلكا قۇرۇقدىلىپ ، سورۇندىكىلەر گويا كونا دوستلاردەك ئۆزئارا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . خالىقمۇ مېنىڭ بوينۇمغا گىرە سېلىپ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ پۇل تاپقانلىقى ، بىر خوتۇن ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكى ۋەھاكازالار ھەققىدە سۆزلەپلا كەتتى .

ـــ سەن بىلەن بىز ساۋاقداش ھەم يېقىن دوست ، قارىسام بىر ئەسكى موتسىكلىتنى مىنىۋاپسەن . ئەتىدىن باشلاپ پىراۋىنىڭ يولىنى قىل ، مەن بۇ يەردىن كېتەشىمدە بايىقى ئېسىل ماشىنامنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتەي ، ئۇنىڭ بىلەن خىزمەتكە بېرىپ كەل . ئۇنچىلىك پۇل ھازىر مەن ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس . ئۆيۈڭدە قانداق نەرسە كەم بولسا تارتىنماي دە ، مەن ھەممىنى ئېلىپ بېرەي . مەن نەچچە يىلدىن بېرى سېنى ئىزدىيەلمىدىم ، خاپا بولما . مەن مەكتەپتە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇمىدىم . ئۇ چاغدا سەن مەن ئۈچۈن كۆپ بەدەللەرنى تۆلىگەن .

خالىق راست ئېيتىدۇ ، ئۇ دەرسلەردە ئارقىدا بولغاچقا مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بولاتتىم . ئۇ ، قىز دوست تالىشىپ باشقىلار بىلەن مۇشتلىشىپ قالغان بىر چاغدا مەن ئارىغا چۈشۈپ ، تاياقنى بولۇشىغا يەپ دوختۇرخانىدا بىر ئاي داۋالانغان ئىدىم ، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلغان

ئىدىم.

ھەش - پەش دېگۈچە يەنە ئۈچ بوتۇلكا قۇرۇقدىلىپ، ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك كالللىمىز قىزىپ، رېستورانىنى بېشىمىزغا كىيدۇق. بىر چاغدا قاتتىق ئۇسساپ، كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيۈمدە كىيىمىم بىلەنلا يېتىپتىمەن.

— ئۇسساپ كەتتىم، چاي قۇيۇپ بېرىڭ، — دېدىم ئايالىمنى تەستە ئويغىتىپ، تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى تۈزۈك ئەسلىيەلمەي، — نېمە بولدى؟ — سورىدىم ئايالىمنىڭ سۆرۈن تەلەتىگە قاراپ، «كېچە مەستلىكتە ئۈنى رەنجىتكەن ئوخشايمەن» دېگەن خىيالدا.

— بولدى گەپ قىلماڭ، نومۇس قىلماي يەنە گەپ قىلىۋاتىسىز، — دەپ كۆز يېشى قىلدى ئۇ دومسىيىپ.

بېشىم پىرقىراپ، كۆڭلۈم ئېلىشتى، بىر چاغدا قايتا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگەندە ئويغانسام ئايالىم ئۆيدە يوق. ئاخشام قانداق كەلگەنلىكىمنى ھېچ ئەسلىيەلمىدىم. «موتىسىكلىتىم نەدە قالغاندۇ، خالىق بەرگەن پۇل بارمىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ بالكۇندىن سىرتقا قارىسام موتىسكلىتىم راستىلا يوق. يانچۇقۇمدىكى كونۋېرتنى ئېلىپ قارىدىم، خۇداغا شۈكرى، خالىق بەرگەن ھېلىقى پۇل بار ئىكەن. ئۇ پۇل ساق 2000 يۈەن چىقتى. ۋاقىت بىر يەرگە بارغان بولۇپ، ئىشقا ساق بىر سائەت كېچىكىپتىمەن. يۈزۈمنى چالا يۇيۇپ، گىلدىڭشىغانچە ئۆيدىن چىقىپ، بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ «شادلىق رېستورانى» غا بېرىپ، موتىسىكلىتنى سۈرۈشتە قىلسام، ئۇلار ئامبارغا ئەكىرىپ

قويغان ئىكەن. ئىدارىغا بېرىپ چاندۇرماي ئىشخانىغا كىرىۋالدىم. بېشىم لوقۇلداپ ئاغرىپ، كۆڭلۈم لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇستەلگە بېشىمنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالسام دوستۇم ساۋۇتنىڭ ئاۋازى.

— ھەي دوستۇم، كېچە مەن قانداق كەتتىم، سىلەرچۇ، خالىقلار نەگە كەتتى، — سورىدىم ئۇنىڭ باشقا گەپ قىلىشىغا ئىمكان بەرمەي.

— سەنزە، بۇرۇنقى خۇيۇڭنى تاشلىماپسەن - دە، — دەپ كۈلدى ساۋۇت، — رومكىنى ھەممەيلەننىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ كۆپ ئىچىپ كەتتىڭ. خالىق ئانچە مەست بولماپتىكەن، ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئاۋۋال سېنى ئۆيۈڭگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، بىز ئاندىن قايتتۇق. بىز سېنى ئۆيۈڭگە كىرگۈزۈۋېتىپ بىنادىن چۈشۈۋاتساق ئۆيۈڭدىن ئايالىڭنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايالىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالمىغانسەن؟ سەن بۈگۈن كەچ سائەت يەتتىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدىڭ، ئالاھىدە ۋەدە بەردىڭ.

ئېسىمنى يىغىپ ئويدان ئويلاپ كۆرسەم، بۈگۈن ئاخشام مەن مېھمان قىلىدىغان بولۇپ، خالىق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى تەكلىپ قىپتىمەن. ئايالىم بىلەن نېمە سەۋەبتىن جېدەللەشكىنىم تازا ئېسىمدە يوق.

ئىشتىن چۈشۈپ «شادلىق رېستورانى» غا باردىم. خالىق، ساۋۇت، دىلمۇراتلار بىلەن چاقىرغۇ ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى ساقلايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار

دېيىشكەن ۋاقىتتا كەلدى. ھەممەيلەن قىزغىن كۈرۈشۈپ، خالىي جايدىكى بىر شىرەگە ئورۇنلاشتۇق.

— كەچۈرۈڭلار، مەن كېچىچە مەست بولۇپ قاپتىمەن، — دەپ ھەممەيلەنگە بىر تالدىن تاماكا تۇتتۇم.

— ۋاي ئالىم، نېمە دەيدىغانسەن، ھاراق دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۈچ يىلدا ئاران بىر كۆرۈشكەندە ئۇنچىلىك ئىچىپ قويساق نېمە بولاتتى، مەنمۇ سەل كۆتۈرۈلۈپ قاپتىمەن، — دېدى خالىق كۈلۈپ.

كېچە تارتقان ئازابلىرىمىزنى ئۇنتۇپ، ئىچىشنى يەنە باشلاپ كەتتۇق. ئىككى بوتۇلكا ئىچىلگەندىن كېيىن ھەممەيلەن بولدى قىلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەن دوستۇم خالىقنى مېھمان قىلىۋاتقانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئۇنىمىدىم، بېشىمنىڭ قېيىۋاتقىنىغا قارىماي يەنە ئىككى بوتۇلكا بۇيرۇتتۇم. رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ ھەممەيلەننىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— ئاڭلىسام ئۆيۈڭگە تېلېفون ئورناتماپسەن، — دەپ گەپ باشلىدى خالىق بوينۇمغا گىرە سالغىنىچە قەلب چۈشەندۈرۈپ، — مەن ساڭا يانفونۇمنى بېرىۋېتەي، ھەتتا بىر يىللىق ھەققىنى ئالدىن تۆلۈۋېتەي، ئالاقىلىشىشقا ئاسان بولىدۇ.

— بولدى ئاداش، ئۇنى مەن ئىشلەتسەم ياراشمايدۇ، — دېدىم خىجىل بولغانلىقىمدىن زورلاپ كۈلۈپ.

— بولدى ئالىم، دوستىڭىزدىن تارتىنىپ نېمە قىلىسىز، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى خالىقنىڭ بوغالتىرى

تۇرسۇن يېنىمغا كېلىپ قولىنى ئۇزاتقىنىچە، — بۇنداق نەرسىلەر بىزنىڭ شىركەتتە كۆپ، كىملىكىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، ئەتە بۇ يانفۇننىڭ رەسمىيىتىنى سىزنىڭ نامىڭىزغا ئالماشتۇرۇۋېتەيلى. ئۇنىمىسىڭىز خا دىرېكتور «ياراتمىدى» دەپ خاپا بولىدۇ.

— نېمە قاراپ تۇرىسەن، — دېدى خالىق مېنىڭ ھەمدەم خىيال تۇرغىنىمدىن پايدىلىنىپ، — كىملىكىڭنى تۇرسۇنغا بەر، ئۇ ساڭا توغرىلاپ بەرسۇن.

— نېمىگە تارتىنىسەن، خا دىرېكتور ئىلتىپات قىلىۋاتسا، — دېيىشتى ساۋۇت بىلەن دىلمۇرات خالىقنىڭ سېخىيلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، ھازىرچە ساڭا پەقەت رەھمەتلا دېيەلەيمەن، — دېدىم مەن سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىملىكىمنى تۇرسۇنغا بەرگەچ.

— مانا ئەمدى ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ، — دېدى خالىق مەردلىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، — نېمىگە تارتىنىسەن، مەن ساڭا نىسبەتەن يات ئادەم بولمىسام.

بۈگۈنمۇ ئوبدانلا ئىچىشتۇق، ھەممىمىز شىركەيپ بولۇپ ئاز - تولا قەلب چۈشەندۈرۈشتۇق. ھېساباتنى مەن قىلدىم، ساق 700 يۈەن خەجلەپتۇق. ئەتە ئۆلچا بولىدىغان يانفۇن، خالىق كېيتەشىدە ماڭا قالدۇرىدىغان ئىسسىل ماشىنىنىڭ خۇشلۇقىدا بۇ چىقىممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، ئەكسىچە خۇشال بولدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەن ئىشقا بېرىپ بىر سائەت ئۆتكەندە، خالىق بىلەن تۇرسۇن ئىشخانىغا كىردى. مەن

ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدىم. خالىق تەپسىلىي ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سومكىسىدىن يانفونىنى چىقىرىپ كىملىكىمگە قوشۇپ ماڭا ئۇزىتىپ:

— بۇنى خاتىرجەم ئىشلەت، بىر يىللىق رەسمىيىتىنىمۇ قوشۇپ بېجىرىپ قويدۇق، بىز كەتكۈچە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىپ سىناق قىلىۋال. بىزنىڭ جىددىي سودا ئىشىمىز بار، ئاخشاملىققا كۆرۈشەيلى.

ئۇلار ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. خۇشلۇقتا تونۇشلىرىمغا بىر - بىرلەپ تېلېفون ئۇرۇپ كۆرۈشتۈم. ئۆز - ئۆزۈمگە «ماۋۇ خالىقنى، ئەجەب سېخىي بولۇپ كېتىپتۇ، قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇللۇق نەرسىنى بىكارغا بەردىغۇ، ئوغۇل بالىدە، ياخشىلىقنى بىلدىغان» دەپ پىچىرلىدىم.

چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىپ ئىشخانىغا كىرىپ تۇراتتىم، تۇرسۇن پاراكەندە بولغىنىچە كىرىپ كەلدى - دە، گەپ باشلىدى:

— كۆرمەمسىز ماۋۇ ئىشنى، ياتاقتا تۇرسام بىرسى تېلېفون بېرىپتۇ، نە دەيدۇ، ھە راست، ياقا ئېرىق دەيدىغان سەھرادىكى ماشىنا بارالمايدىغان بىر تاغ ئارىسىدىكى بىر مالچىدا 100 مىڭ يۈەنگە يارىغۇدەك قاشتېشى بار ئىكەن. ئۇلار كۆرۈپ بېقىشىمىزنى ئېيتقان. خالىق دىرېكتورغا تېلېفون ئالسام «ماشىنا بارالمىسا ئالىمنىڭ موتسىكلىتىنى مىنىپ بېرىپ كۆرۈپ كەل، مەن ھېلىقى سودىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش» دەيدۇ، شۇڭا بۇ

يەرگە كەلدىم.

— ئوبدان گەپ ئىكەن، بارسىڭىز بىرىك، — دەپ موتسىكلىتنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا بەردىم. خالىقنىڭ ماڭا قىلغان سېخىيلىقىغا ئاز - تولا بولسىمۇ جاۋاب قايتۇرىدىغان پۇرسەت كەلدى، دەپ ئويلىسام كېرەك.

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپ ئاپالىمغا بايىقى يانفۇننى كۆرسىتىپ راسا ماختاندىم. يەنە تېخى بىر ئېسىل ماشىنىنىمۇ ھەقسىز قويۇپ كېتىدىغان بولدى، دېدىم. شۇ ئارىدا ساۋۇتتىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوندا: «ئاداش، چۈشتىن كېيىن ئىشقا كەلسەم خالىق، تۇرسۇنلار ئىدارىنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، خالىق ئىدارە ئالدىغا يۇك بىلەن توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنى كۆرسىتىپ ‹ئاۋۇ مالنى 200 مىڭ يۈەنگە ئالغان، 300 مىڭ يۈەنگە ئالىدىغان خېرىدار چىقىپ قالدى. سائەت بەشكىچە ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلاندا پۇل كېلىدۇ، مال ئىگىسىگە بەرگىلى 50 مىڭ يۈەن كەملەپ قالدى. سىز كاسىر بولغاندىكىن، بانكىنىڭ پۇلىدىن 50 مىڭ يۈەننى ئۈچ سائەتلىك بېرىپ تۇرسىڭىز، كەچقۇرۇن سائەت بەشتە پۇل كەلسە، چاندۇرماي سېلىپ قويىسىز، ئاز - تولا تاپان ھەققى بەرسەك› دېگەن ئىدى. يۈزىگە كېلەلمەي بۇگۈن كىرىم بولغان 50 مىڭ يۈەننى بېرىپ تۇرغان ئىدىم، مانا ھازىر سائەت يەتتە بولدى، نەچچە قېتىم چاقىرغۇ ئۇرسام تېلېفون قايتۇرماۋاتىدۇ، خالىقتىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇ ياتقان ياتاقتا بىللە بېرىپ باقساق» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كاللام پىررىدە قايدى، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. كۆڭلۈمگە ھەر خىل گۇمانلار چۈشۈپ ساۋۇتقا: «خالىقلار ئورۇنلاشقان مېھمانخانا

ئالدىدا كۆرۈشەيلى، دەرھال يولغا چىق» دېدىم. ئۆزۈممۇ ھايال بولماي ئۇ يەردە ھازىر بولدۇم. ساۋۇتنىڭ چىرايىدا قان بولامدىغان، ئاغزى گەپكە كەلمەي، چۆرگىلەپلا قاپتۇ.

— ماڭ، ئۇلارنىڭ ياتىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى، — دېدىم ساۋۇتنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە.

— بۇ مېھمانخانىدا ئۇنداق ئادەملەر ياتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى تىزىملاش ئورنىدىكىلەر.

— ئاپلا، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان، — دېدىم مەن ساۋۇتقا كاللا ئىشارىتى قىلىپ، — ياتاقلارغا بىر - بىرلەپ كىرىپ باقايلى، ئۇلاردىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شۇ ئەسنادا يانفون جىرىڭلىدى. ئاشۇلاردىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ تولىمۇ خۇشاللىنىپ قولىقىمغا تۇتسام بىر خەنزۇ قىزنىڭ ئاۋازى:

— ۋەي، سىز ئالىممۇ؟

— ھەئە، نېمە گەپ؟

— سىزنىڭ يانفونىڭىزنىڭ ئىجارە ھەققى 5 مىڭ 300 يۈەن بوپتۇ، ئەتىدىن قالدۇرماي تۆلىۋېتىڭ.

— خاتالاشتىڭىزغۇ دەيمەن، بۇ يانفوننى مەن پەقەت بۈگۈن بىر كۈن ئىشلەتكەن تۇرسام، تېخى ماڭا بەرگەن كىشى بىر يىللىق ئىجارە ھەققىنى ئالدىن تۆلىۋەتكەن تۇرسا...

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن، — دېدى ئۇ قىز مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن، — ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ، يانفوننى سىزگە ساتقانلىقىنى،

ئەتە سىزنىڭ ئىجارە ھەققىنى تۆلىشىۋېتىشقانلىقىڭىزنى ئېيتتى. ئەڭ ياخشىسى ئەتە كېلىپ رەسمىيەت ئۆتىشىۋېتىڭ.

بېشىم پىررىدە قېيىپ، تۇرغان يېرىمدە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بىز سۆزلەشكىچە ساۋۇت يېنىمدا ئاڭلاپ تۇرغاچقا، ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ ئالدىمدىكى نەرسىلەرنىمۇ پەرق ئېتەلمەي، تىلىم كالۋالاشتى. بىر هازادىن كېيىن ئۆزۈمنى سەل ئوڭشاپ ساۋۇتقا قارىدىم. ئۇ تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ماڭا تىكىلىپ قاراپلا تۇرۇپتۇ. شۇنچە قىسقا مۇددەتتە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەي، ئۆرۈمچىدىكى ساۋاقدىشىم رىشاتقا تېلېفون ئېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئېيتتىم.

— ئاپلا، بەك چاتاق ئىش قىپسەن، — دېدى ئۇ ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا، — مەنمۇ تېخى بىر ئاي بۇرۇن ئاڭلىدىم، باشقىلارنىڭ دېيىشىچە خالىق هازىر «داڭلىق قويمىچى» ئىكەن.

— نېمە؟ «قويمىچى؟» دېيەلىدىم - دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى باشقۇرالماي قالدىم.

«قويمىچى»، «يۈزى قېلىن قويمىچى...» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغىنىمچە مېھمانخانىدىن قايتىپ چىقتىم. كۆزلىرىمگە يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يالغان، قورچاق ئادەمدەك، ئەتراپتىكى نەرسىلەر ساختىدەك، ئاشۇ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان، سىرلىق كۆلەڭگىلەر يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنەتتى.

1998 - يىل، نويابىر قەشقەر.

# نەسرلەر

# بالا بەرگەن ئوي

بالىلىرىمنىڭ ھەر دائىم « دادا ! » دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ، ئىختىيارسىز كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ . ئۇلارنى ئەركىلىتىپ ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويىمەن . ئويلىنىپ قالىمەن ، بىر چاغلاردا مەنمۇ خۇددى بالىلىرىمغا ئوخشاش دادامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، شۇنداق ئەركىلىگەن بولغىيمىدىم ؟ « دادا ، ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدىڭ ؟ » دەپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان بولغىيمىدىم ؟ داداممۇ ماڭا ئاتاپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن بەرگەن بولغىيمىدى ؟ !

مانا ئەمدى « تەقدىر » مېنى دادامدىن ئايرىدى . بالىلىرىم « دادا ! » دەپ توۋلىغاندا ، مېنىڭمۇ « دادا ! » دەپ توۋلىغۇم كېلىدۇ . بالىلىرىمغا مەن بار ، بىراق مېنىڭ دادام يوق . مەن بارلىق ئاۋازىم بىلەن « دادا ! » دەپ توۋلىساممۇ ، « ھە ! » دېگۈزەلمەيۋاتىمەن ، داداممۇ دادىسىنى توۋلاپ « ھە ! » دېگۈزەلمىگەن بولغىيمىدى ! ئەتە ـ ئۆگۈن، بالىلىرىممۇ مېنى توۋلاپ « ھە ! » دېگۈزەلەرمۇ ؟ !

ئەمدى بىلىۋاتىمەن ، ھاياتلىقتا مەيلى قانداق

ئەھۋال يۈز بەرسۇن ، مېھرىبانلارنىڭ ، ۋاپادارلارنىڭ
رولىنى ئېلىش ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك
ئىكەن ، ئالۋاستىنىڭ رېژىسسورلىقى بىلەن پۈت تايغان ،
باش قايغان يەرلەردە يۈرۈش ئىنسانغا ياراشمايدىكەن ...

1995 - يىل ، 9 - ئاي

# كور

مەن ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتىم . بىر كۈنى بېگىلا تونۇشقان بىر دوستۇم مېنىڭ ئالبومدىكى سۈرىتىمنى كۆرسىتىپ :

— بۇ كىم ؟— دەپ سورىدى .

— سەن كور ئوخشىمامسەن ؟ — دېدىم مەن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ، — بۇ مەن ئەمەسمۇ ؟

— ياق ، بۇ سەن ئەمەس ! — دېدى ئۇ ئىشەنمەي ، — سۈرەتتىكى قانداقمۇ سەن بولىسەن ؟

ئۇ كەتتى . مەن سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ ، ئەينەك ئالدىغا كەلدىم ـ دە ، سۈرەت بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم . تۇۋا ، سۈرەتتىكى ھالىتىمگە زادىلا ئوخشاشماي قالغانلىقىمغا قارىمامدىغان ! ھايات مۇساپەمنى ئېسىمگە ئالدىم ، يول بويى سايىدىغۇدەك بىر كۆچەت ، قاراپ قويغۇدەك بىرەر ئابىدىمۇ يوق ...

دوستۇمنى خاتا ئەيىبلەپتىمەن . ئەسلىدە ، ياشلىقنىڭ مەندىن ئىزسىز يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىگەن ھەقىقىي كور ئۆزۈم ئىكەنمەنغۇ ؟

1996 ـ يىل ، 1 ـ يانۋار

# ئالماشقان ئورۇن

ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغىنىمدىن تارتىپ ، دادام بىلەن بىللە مەھەللىمىزدىكى قەبرىستانلىققا ماڭىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، دادامنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بېرىشقا ئادەتلەنگەن ئىدىم . ھەر دائىم قايتىدىغان چېغىمىزدا ، دادام كۆڭلى يېرىم ، خۇددى كەتكۈسى يوقتەك ، كۆزلىرى ئارقىدا قەبرىستانلىقتىن ئايرىلاتتى ۋە ھېلىقى كۆۋرۈكنىڭ يان ياغىچىدا ئولتۇرۇپ ، بوۋامنىڭ قەبرىسى بار تەرەپكە قاراپ ، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، ئۇزاققىچە ئولتۇراتتى . مەن مەھەللىدىكى ئويۇندىن قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنى زورلاپ ، ئاران قايتۇرۇپ كېلەتتىم . ماڭا ياشلىق ئاتا قىلغان يىللار دادامدىن قىرانلىقنى ئېلىپ كېتىپ ، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئۇنى ئاز دەپ ، رەھىمسىز تەقدىر دادامنىمۇ بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى . بوۋامنىڭ قەبرىسى يېنىدا يەنە بىر قەبرە پەيدا بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ خۇددى دادامغا ئوخشاش ، بالامنى ئەگەشتۈرۈپ بايىقى كۆۋرۈكتىن

ئۆتۈپ دادام ۋە بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا ئادەتلەندىم. شۇ چاغدىلا دادامنىڭ قەبرىستانلىقتىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلغۇسى كەلمىگەنلىكى، كۆۋرۈكتە ئولتۇرۇپ قەبرىستانلىققا قاراپ يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. بارا - بارا ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدۇم. تەقدىر بىر كۈنلەردە، ھازىر خۇددى مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدىكىدەكلا غەمسىز ئويناپ يۈرگەن بالامنىمۇ شۇ كۆۋرۈكتىكى ئورۇندىن قۇرۇق قويماس.

1996 - يىل، 3 - ئاي

# يوشۇرۇن سۆيگۈ

كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغان دەقىقىلەردە كۆزۈڭدىن ماڭا تەئەللۇق پاك بىر قەلبنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھېسابلايمەنۇ، نېمىشقىكىن ساڭا قەلبىمنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايمەن. لېكىن سېنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلاۋاتسا كېرەك دەيمەن.

سېنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭ كۆز ئالدىمدىن غايىب بولغاندىلا ئاندىن ئېسىمگە كېلىپ، قايتا ئۇچراشقاندا غەيرەتلىنىپ قەلبىمنى ئىزھار قىلىشنى ئويلايمەن، بىراق ئۇچراشقاندا ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. شۇندىلا، ئۆز - ئۆزۈمگە: «بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟» دەپ پىچىرلايمەن. قۇلىقىمغا: «تەخىر قىل، بۇ يوشۇرۇن سۆيگۈ، بۇ سۆيگۈنىڭ سىرى ھامان ئېچىلىدۇ» دېگەن سادا ئاڭلىنىدۇ. مەن شۇندىلا ئۈمىدكە تولغان بىر جۈپ كۆزۈم بىلەن ئادەملەر توپىدىن سېنى ئىزدەيمەن.

ئاھ، يوشۇرۇن سۆيگۈ، سەن قاچانمۇ چۈمپەردەڭنى ئېچىۋېتەرسەن؟!

1996 - يىل، 5 - ئاي

# سىناق

مەن نىگارىم بىلەن مۇھەببەت دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتىم، تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن دولقۇن نىگارىم بىلەن ئىككىمىزنى ئىككى تەرەپكە ئېقىتىپ كەتتى. مەن نىگارىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ھاياتىم بىلەن ھېسابلاشماي ئۇ ئېقىپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئۈزگەن بولسامۇ، رەھىمسىز سۇ دولقۇنلىرى مېنى باشقا تەرەپكە ئېقىتىپ كەتتى. مەن گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ نىگارىمدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتىم. دولقۇن مېنى يەنە بىر قېتىم لەيلەتكەن ۋاقىتتا، مەن نىگارىم ئېقىپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قارىسام، ئۇمۇ خۇددى مەندەك گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— غەيرەت قىل، قىرغاققا قاراپ ئۈز!

مانا شۇ چاغدا بىرسى بىزگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، قىيا تاشقا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىزگە قاراپ ھۇزۇر سۈرۈۋاتاتتى. بىراق، ئۇنىڭ خۇشلۇقى سۇ دولقۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى ئېقىتىپ كېتىشى بىلەن

ئاخىرلاشتى. مەن شۇندىلا نىگارىم تەرەپكە قارىدىم، نىگارىم قىرغاققا ئەمەس، بەلكى مەن تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

1996 - يىل، 6 - ئاي



# يول

زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى. ئىنسانلار ماڭغاندىن كېيىن يول پەيدا بولغان.

— لۇشۈن

يول — تۈنۈگۈنكى چۈش.

يول — بۈگۈنكى ئارمان.

يول — مۇھەببەت.

يول — ئەركىنلىك.

يول — مالائىكە، پەرىشتىلەرنىڭ مۇھەببەتلىرىكىسى.

يول — پىنھاندىكى ئۈنسىز شۇئىرلاش.

يول — ئادەم ئاتىسىنىڭ تۇنجى قەدىمى، ھەۋۋا ئانىنىڭ ئۇتلۇق ھېسسىياتى.

ياشلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بېسىپ، مۈشكۈل بىر تاللاشقا دۇچ كەلدىم. ئالدىمدا ئىككى يول، بىرى، تۈپتۈز؛ يەنە بىرى، ئېگىز - پەس. مەن قايسى يولدا مېڭىشنى ئويلاۋاتقىنىمدا، ئارقامدىن كەلگەن بىر قىران يىگىت، ماڭا ئوخشاش بىر ھازا ئىككىلىنىپ تۇردىيۇ، ھېلىقى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولغا مېڭىپ كەتتى.

— ئەخمەق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ شۇنچە تۈز

يولنى قويۇپ ئاشۇ يولغا كېتىۋاتقانلىقىمغا قاراپ . كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشنى ھار ئېلىپ ، ھېلىقى گۈزەل ۋە تۈپتۈز يولغا ماڭدىم . دېمىسىمۇ بىكار جاپا تارتقانىنىڭ نېمە پايدىسى !؟

تۈپتۈز ، ئىككى قاسىنىقىدا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈزەل يولدا شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىپ ماڭدىمكى ، مەستلىكىمدە قانچىلىك ماڭغانلىقىمنى بىلمەي قاپتىمەن . بىر چاغدا بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدىم . تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام كۆز ئالدىمدىكى يولنىڭ ئاخىرى مەن ياراتمىغان يولدىن نەچچە ھەسسە كۆرۈمسىز ، ئېگىز - پەس كۆرۈندى . قانچە قىلسامۇ ئالدىمغا زادىلا ئىلگىرىلىيەلمىدىم . ئىلگىرىلىگۈم كەلمەيۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى . ئاخىر بۇرنۇمدىن چىقىۋاتقان قاننى سۈرتۈپ ، زەئىپلەشكەن تېنىمنى بۇ يولدىن مىڭ بىر جاپادا قايتۇرۇپ چىقتىم .

ئەسلىدىكى ئورنۇمدا تۇرۇپ قارىسام ، ھېلىقى ياش تەسلىكتە ئالدىغا قاراپ كېتىۋېتىپتۇ . ئەجەبلىنەرلىكى ، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يول مەن كۆرگەن ھېلىقى گۈزەل ھەم تۈز يولدىن نەچچە ھەسسە تۈز ، گۈزەل ھەم كۆركەم بولۇپ كېتىپتۇ .

يولنى قايتا تاللاش شەكىللەنگەندىلا ئۆزۈمنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم .

دېمەك ، ئادەم مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن يول تاللىشى كېرەك ، يەنە كېلىپ قانداق يولنى تاللاش ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش .

1997 - يىل ، 2 - ئاي

# دادا، مېنى كەچۈرەمسەن؟

دادا، سەن مېنىڭ بوۋاقلىق چاغلىرىمدا ئالدىمغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، نالە قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىۋاتامدىغانسەن؟ بۈگۈنكىدىن بەش يىل بۇرۇن، كېلىشكەن قامەتلىگە قاراپ « دادا ! » دەپ توۋلىغان بولسام، مانا بۈگۈن قەبرەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ « دادا ! » دەپ يىغلاۋاتىمەن. بەش يىلدىن بۇيان سېنى نەچچە قېتىم يوقلاپ چىققانلىقىم، قانچە قېتىم بۈگۈنكىدەك يىغلاپ توۋلىغانلىقىم ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، سېنى سېغىنىپ قالغان چېغىمدىلا كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا قەبرەڭ ئالدىدا پەيدا بولۇۋاتىمەن. ناۋادا كىشىلەر مەندىن: « سېنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسەڭ قايسى؟ » دەپ سوراپلا قالسا، مەن: « دادامنىڭ قەبرىسى » دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مەن بۇرۇن كىشىلەردىن: « ئۇ ئازاب يامان، بۇ ئازاب يامان » دەپ ئاڭلىغان. بىراق، ئەمدىلىكتە ياش تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىدىن ئايرىلىشنىڭ ھەممە ئازابلاردىن يامان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەر قېتىم تەگتۇشلىرىمنىڭ دادىلىرى بىلەن خۇشال

پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ، بىر گە ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقانلىقىنى ، « دادام ئۇنداق دېدى » ، « دادام مۇنداق دېدى » دېيىشىۋاتقانلىقىنى ، تېلېۋىزور ، رادىئولاردا دادىنى كۈيلەپ ئېيتقان ناخشىلارنى ئاڭلىسام . كۆزلىرىمدىن توختاۋسىز چىقىۋاتقان ياشلار مەڭزىمنى بويلاپ تۆكۈلۈپلا كېتىدۇ . دادا ، ئەجەل سەندىن « ئامانەت » نى ئالغىلى كەلگەندە ، كۆزلىرىمدىكى ياشلارنى كۆرۈپ ، مەندىن ئايرىلغىلى كۆزۈڭ قىيماي ، كۆزۈڭدىن ياش قۇيۇلغىنىنى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ . سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ ، مېنى ياراملىق ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ . بۇرۇن سېنىڭ مەدەت بېرىشىڭ بىلەن غەمسىز ياشاپ ، قەدىر ـ قىممىتىڭگە يېتەلمەپتىمەن . ئەمدىلىكتە بولسا ، دادىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ پەرزەنت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . ھەر دائىم قەبرەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ، ھايات ۋاقتىڭدا سېنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرمىگىنىمگە ، كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىڭنى قىلالمىغىنىمغا ، تەربىيە بەرسەڭ گەپ ياندۇرغانلىرىمغا مىڭلاپ پۇشايمان قىلىمەن !

دادا ، ئاھ ، دادا ، ھاياتلىقىڭدا قەدرىڭگە يېتەلمىگەن ئەقىلسىز ئوغلۇڭنى كەچۈرەرسەنمۇ ؟ ...

1997 ـ يىل ، 4 ـ ئاي

# ئۆلۈم ئالدىدىكى خەت

قەدىرلىك ئانا ، سەن بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا بەلكىم مەن ئالللىبۇرۇن بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان بولارمەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ خەتنىڭ سېنىڭ قولۇڭغا تېگىشىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن . چۈنكى ، بۇ خەتنى مەن گۇاڭجۇ شەھىرىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر كونا خۇمدان ئىچىدە يېزىۋاتىمەن . مەن بۇ يەردە ئەزرائىلنىڭ جېنىمنى تېزراق ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى .

بەلكىم ، مېنى كونا خۇمداندا نېمە قىلىدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن . قەدىرلىك ئانا ، مەن سېنى نۇرغۇن قېتىم ئالدىغان ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ ساڭا بىر قېتىم راست گەپ قىلاي ، مەن بۇ يەرگە مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان « ئاق ئالۋاستى » نى ئىزدەپ كەلگەن . شۇ تاپتا قورساقنىڭ ئاچلىقى ۋە « ئاق ئالۋاستى »نىڭ خۇمارىدىن ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمايمەن . ئاخىر ، ھالسىزلانغان تېنىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، يەردىن پارچە - پۇرات قەغەزلەرنى تېرىپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . سەن ھازىر مېنى كۆرسەڭ ئەپتىمدىن قورقۇپ كېتىسەن ،

پۈتۈن بەدىنىمدىكى موسكۇللار بوشىشىپ لەشكە ئوخشىشىپ قالدى . بەدىنىمدىن تومۇر دېگەن نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ . بەلكىم يىلىكلىرىم قۇرۇپ بولغاندۇ ، كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ خۇددى ئۆچۈش ئالدىدىكى شامدەك پىلىلداپ تۇرىدۇ . جانسىز قوللىرىم جۇدۇندا قالغان غۇنچىدەك تىترەپ ، خەتنى بەك تەستە يېزىۋاتىمەن .

قەدىرلىك ئانا ، سەن دادامدىن ياشلا تۇل قالغان بولساڭمۇ ، مېنى ۋە ئۇكامنى دەپ قايتا تۇرمۇشلۇق بولماي ، بىزنى مىلىك بىر جاپادا چوڭ قىلغان . ئۆزۈڭ يېمەي يېگۈزۈپ ، ئۆزۈڭ كىيمەي كىيدۈرۈپ ، گازىر ساتقان پۇللىرىڭ بىلەن بىزنى ئوقۇتتۇڭ . مەن خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ، تۇنجى قېتىم مائاشىمنى ئېلىپ ئۆيگە كىرگىنىمدە ، سەن خۇشاللىقىڭنى باسالماي مەڭزىمگە يېنىش – يېنىشلاپ سۆيگەن ، باغرىڭغا بېسىپ ، « داداڭدەك تىرىشچان ، كۆيۈمچان بولدۇڭ » دېگەن ئەمەسمىدىڭ ؟

قەدىرلىك ئانا ، مەن « ئاق ئالۋاستى »نىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ھاياتىنىڭ سىرلىق ئاچاللىرىدا تەمتىرەپ ، ئاخىر بېرىپ تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالدىم مېنىڭ تويۇم ئۈچۈن يىغقان 7000 يۈەن پۇلغىمۇ « ئاق » چېكىپ بولدۇم . ئۆزۈمنىڭ بارغانسېرى تۈيۈق يولغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمنى بىلسەممۇ ، ئۇ نىجىس ئالۋاستىنىڭ خۇمارى ئەقلىم ئۈستىدىن غالىب كەلدى . سېنىڭ قورۇ – جاي ئالىمەن دەپ بىر تىيىن ، بىر تىيىندىن يىغقان پۇللىرىڭمۇ ، ئالتۇن جابدۇقلىرىڭمۇ پەس ئارزۇ –

ھەۋەسلىرىم تۇپەيلى خازاندەك توزۇپ كەتتى ، مانا ئىككى كۈن بولدى ، قۇلىقىمغا ئۆزۈمنىڭ ئازابلىق نالىسىدىن باشقا شەپە ئاڭلانمايدۇ .

ئەزرائىل كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، ئامانىتىنى تېزراق ئالماي مېنى قىيناۋاتىدۇ . بەلكىم ئەزرائىلمۇ سېسىق جاننى ياراتمايۋاتسا كېرەك .

قەدىرلىك ئانا ، ھازىر پەقەت بولالمىدىم . قولۇمدا قەلەمنى تۇتقۇدەك مادار قالمىدى . ساڭا ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم ، مۇشۇ خەت قولۇڭغا تېگىپ قالسا ، مىللىتىم ئىچىدىن چىققان مەندەك ئەقىلسىز ئادەملەرگە ئوقۇپ بېرەرسەن . ئۇلار مەندىن ئىبرەت ئالسۇن . ئاھ ، مېنىڭ ئەقىلسىزلىقىم ، ئاھ ، « ئاق ئالۋاسى » ، سەن مېنىڭ ھاياتىمنى نابۇت قىلدىڭ .

ئەقىلسىز ئوغلۇڭ X دىن .

1997 ـ يىل ، 4 ـ ئاي



# مېنى كەچۈر

دوستۇم، تەقدىرنىڭ بىزگە بۇنداق قاتتىق چاقچاق قىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. بەلكىم سەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولغىيتتىڭ. شۇ تاپتا قولىدا كويزا، بىچارە قىياپەتتە ئالدىمدا تۇرغان بۇ جىنايەتچىنىڭ سەن ئىكەنلىكىڭگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بىز بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، گويا قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلاردەك بىرگە ئويناپ چوڭ بولدۇق. نۇرغۇن ئارزۇلارنى كۆڭۈللىرىمىزگە پۈكۈپ، مەكتەپكە بىرگە قول تۇتۇشۇپ بېرىپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدۇق. بىزنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى دوستلۇقىمىزغا كىشىلەرنىڭ مەسلىكى كېلەتتى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قايىل بولۇشاتتۇق. ئەپسۇس، ئۈچ نومۇر كەم قېلىش سەۋەبىلىك سەن ئالىي مەكتەپكە بارالماي تولىمۇ ئازابلاندىڭ، سېنىڭ بۇ ھالىڭ مېنىمۇ ئازابلىدى. ساڭا قايتا ئوقۇش تەكلىپىنى بەرگەن بولساممۇ، سەن زىنھار ئۇنىمىدىڭ. سېنىڭ دىلىڭ ئازار يەپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدىڭ. مەن ساقچى مەكتىپىگە ئوقۇشقا

كەتتىم. يول بويى، سېنىڭ مېنى ئۇزىتىش ئالدىدىكى ئاشۇ تۇرقۇڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى، مەكتەپكە كېلىپ تۇنجى قىلغان ئىشىم، سېنى يەنە بىر يىل قايتا ئوقۇشقا دەۋەت قىلىپ خەت يېزىش بولسىمۇ، سەندىن يەنە شۇ «ئوقۇمايمەن» دېگەن جاۋاب كەلدى. تەتىل قىلىپ يۇرتقا بارغىنىمدا سېنى يوقلاپ بېرىپ، سېنىڭ باشقىلارغا ئەگىشىپ تىجارەت قىلىش نىيىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، «بوپتۇ، ئۆزىنىڭ چېچەن ۋە ئەقىللىقلىقى، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش يولىنى تاپسا ئەجەب ئەمەس» دەپ كۆڭلۈمنى ئەمىن تاپتۇرغان بولسامۇ، نېمىشقىكى، سەزگۈم بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولۇپ، مېنى غەلىتە خىياللارغا ئەسىر قىلىپ قويدى. ئۆيۈڭدىكىلەردىن ئادرېسىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ، ساڭا، ھالال پۇل تېپىش، توغرا نىشاندىن ئازماسلىق ۋەھاكازالار ھەققىدە خەت يازسام، سەن «توغرا يولدا ماڭالىشىمدا شەك يوق» دەپ جاۋاب خەت يازغان ئىدىڭ. ئەمدى بىلسەم، سەن ئەينى چاغدا دوستلۇقىمىزغا قارا ساناپ، مېنى ئالدىغان ئىكەنسەن. مەن سېنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىڭگە، بۇرۇنقى ئەقىللىق دوستۇم ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيۋاتىمەن. سەن مېنى، دوستلىرىمىزنى، ياق، ئۆزۈڭنى ئالداش جىنايىتىڭ بىلەن، مانا ھازىر تەقدىرىڭنىڭ نېمە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بىر مەھبۇس بولۇپ ئالدىمدا تۇرۇپسەن.

مانا، خىزمەتكە قاتناشقان تۇنجى كۈنلا، سېنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەپ

ساتقان جىنايىتىڭنى سوراق قىلىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. راست گەپنى قىلسام، ئادىمىيلىك نۇقتىسىدا ساڭا ئىچىم ئاغرىغان بولسىمۇ، سېنىڭ پۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىبزىتقۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن زەھەرلىگەن ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭراشلىرى، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ نالە قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، سەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىم ئۈچۈن ھازىر تولىمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن.

ھەي قارا يۈرەك دوستۇم، سەن ئاشۇ ئاق نىجىسنى كىشىلەرگە سېتىۋاتقاندا، بۇرۇنقى ئالىيجانابلىقىڭ، ۋىجدانىڭ زادى نەگە كەتكەن؟ ھازىر مەن سېنى دوستۇم دەپ ئاتاش ئەمەس، دوستلۇقىمىزنى ئويلاشتىنمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن. ھەي ئىست، ھازىر سەندىن، مەندەك بۇرۇنقى دوستلىرىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق، ئويغاق ھەر قانداق كىشىلەرمۇ بىزار.

1998 - يىل، 5 - ئاي



# ئاقىۋەت

ئەقىلىمگە كەلگەندىن تارتىپ توققۇزۇم تەل بولغاچ ھېچقانداق نەرسىدىن غېمىم يوق، ئۇخلىغاندا ئۇخلاپ، بولمىسا كۆڭۈل خالىغان ئىشلارنى قىلىپ غەمسىز لاغايلاپ يۈرەتتىم. ئويلىمىغان يەردىن چەكسىز كەتكەن بىر قۇملۇققا چىقىپ قالدىم، ئۆمرۈمدە مۇنداق قۇملۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچ، خۇشاللىقتا قۇملۇقتا موللاق ئېتىپ ئوينىدىم. قۇمدا، ئىككى قولۇم بىلەن ئېگىزلىكنى يۆلەپ ئالدىمدىكى ھەر خىل قۇم دۆۋىلىرىنى تاماشا قىلىپ ياتسام، قۇلىقىمغا بىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، بىر ئېشەككە ئەسكى خۇرجۇن ئارتىپ ئۈستىگە مىنىۋالغان، كىيىملىرى جۇل - جۇل، چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن دەرۋىش سۈپەت بىر قېرى ئىكەن.

ئۇ ئادەم يېنىمغا كەلگەندە سالام قىلدىم، ئۇ سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرماي، مېنى مەنسىتمىگەندەك ئالىيىپ قويۇپ، قانداقتۇر، «ھەي بىغەملەر شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى، مۇنۇ پۈشتۈڭلارنى قارشى ئېلىڭلار» دەپ

تۇۋلىغانچە كېتىپ قالدى. ئىچىمدە، «بۇ قېرى ئەبگاھ ساراڭ ئوخشايدۇ، نېمىدەپ تۇۋلاۋاتىدۇ. سالام قىلمىساڭ قىلما، ساڭا مېنىڭ ھاجىتىم چۈشەمتى» دەپ ئويلاپ، قۇملۇقتا يەنە خاتىرجەم ئويناشقا باشلىدىم. بىر چاغدا بوران چىقىپ قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ كۆزۈمنى زادىلا ئاچقۇزمىدى. شۇندىلا، ھېلىقى ئېشەك مىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ «جاھان كەزدى سۈپۈرگە» ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆزۈمنى ئاچالمىساممۇ ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن:

— بوۋا، توختاپ تۇرۇڭ! — دەپ تۇۋلىدىم. بىراق قۇلىقىمغا بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى. قۇملۇقتا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ، يىقىلىپ قوپۇپ، ناھايىتى قىينالدىم، بۇ يەرگە كەلگىنىمگە، بالدۇرراق كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ ئۆن سېلىپ يىغلىدىم. شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇملار ئوشۇقۇمنى، تىزىمنى، بارا - بارا بېلىمنى، بويىنۇمنى كۆمدى. مەندە مىدىرلىغۇدەك جان قالمىغان ئىدى. ئاخىر پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ قالدىم. «ئورنۇڭدىن تۇر!» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرسام، قولىدا قىلىچ تۇتقان سۈرلۈك ئىككى ئادەم كېلىپ: «بۇ بىغەملەرنىڭ پۇشتىكەن، بۇنىمۇ ئۇدۇل دوزاخقا ئاپىرىۋېتەيلى»، دەپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

# ئارمان كۈيلىرى

## 1

كىشىلەر مېنىڭ پۇلۇمنىڭ كۆپلۈكىدىن مېنى ھېچقانداق نەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ ، دېيىشىدۇ . ئۇلار مېنىڭ جانان ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدىن سۆيگۈ سوراۋاتقان بىر بىچارە ئىكەنلىكىمنى بىلسە ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بولار ئىدى .

## 2

مەن ئاسمانغا قاراپ :

— ھەي تەڭرىم ، مېنى سۆيگەن نىگارىمنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈز ، — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدىم . غايىبتىن سادا كەلدى :

— ھەي ئاشىق ، بولدى قىل ، قايسى ئاشىق - مەشۇق مىرادىغا يەتكەن ؟

## 3

سەن بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا ، سېنىڭ كۆزۈڭدىن بىر خىل بىچارە قىياپەتنى ،

ئىختىيارسىز چىقىۋاتقان پۇشايمان ياشلىرىنى كۆرۈپ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ ھېسداشلىق قىلغۇم كەلدىيۇ، ئارقىدىنلا ھېسداشلىق نەپرەتكە ئايلاندى.

## 4

ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، مېنىڭ ئىشق سەۋداسىغا ئايلىنىپ قالغان ھالىمنى كۆرۈپمۇ غەمسىز يۈرگەنلىكىگە قاراپ، بار ئاۋازىم بىلەن « سېنى ياخشى كۆرىمەن ! » دەپ توۋلىغۇم كېلىدۇ. بىراق، ئۇنى ئاۋازىم بىلەن ئەمەس، ھەرىكىتىم ئارقىلىق قارىتاي دەپ تاقەت قىلىمەن.

## 5

كىشىلەر خىيالپەرەس ئادەملەرنى « ئەخمەق » دېيىشىدۇ، مەن تېخىمۇ شۇنداق دەيمەن. بىراق، بۈگۈن مەن ئەخمەقلەرچە خىيالنى قىلىپ قالدىم. تەڭرىم ماڭا « غەربكە ساياھەت » فىلىمىدىكى سۇن ۋۇكۇڭغا بەرگەن « ئىقتىدار »نى بەرسە ئۇ چاغدا مەن بىرىنچى بولۇپ، جاھاندا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسگە بىر قۇر سەپسىلىپ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان مەلئۇنلارنى ئايرىپ چىقىپ، زېمىندىن قوغلىۋەتكەن بولار ئىدىم.

## 6

مەن يەردىن سورىدىم:

— ھەي يەر ، سەن نېمىشقا گاھىدا تەۋرەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ، مال - مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىسەن ؟

يەر مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ :

— ھەي گول ئىنسان ، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ ؟ ئەسلىي تەگرى مېنى ئىنسان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ دەسسەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياراتقان ، باشقا مەخلۇقلار تەگرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆنسىمۇ ، لېكىن بىر قىسىم ئادىمىي ھايۋانلار يۈزۈمنى بۇلغىۋەتتى . مەن ئاشۇنداقلارنىڭ باغرىمغا دەسسەپ يۈرگەنلىكىدىن سەسكىنىپ ، گاھى - گاھىدا « ھەي ئىنسانلار » دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويىمەن شۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

## 7

ھاۋا شۇنچە ئوچۇق ، سېخىي قۇياش ئالتۇن نۇرىنى زېمىنغا ئايىماي چېچىپ ، زېمىندا ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا بەنت ئىدى . قۇياش تۇيۇقسىز بىر پارچە بۇلۇت ئارقىسىغا مۆكۈپ ، زېمىن بارا - بارا قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى . مەن قۇياش تەرەپكە قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن : « ھەي قۇياش ، سېنىڭ سېخىيلىقىڭ شۇنچىلىكمىدى ؟ » دەپ سورىدىم . ئۇ بۇلۇت كەينىدىن چىقماي تۇرۇپ : « مەن بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ قىلىقلىرىدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن ، شۇڭلاشقا بۇلۇت كەينىگە مۆكۈپ ، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى بىردەم بولسىمۇ كۆرمەسلىككە تىرىشتىم » دېدى .

## 8

گاھىدا، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن: «جاھان بەك رەزىللىشىپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىمدا، «ھەي ئەخمەقلەر، جاھاننى كىم رەزىللەشتۈرۈۋەتتى؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ.

## 9

مەن ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنى قوغداش مەقسىتىدە جەڭ قىلىپ، ئەزرائىل بىلەن ئېلىشتىم، ئەزرائىل مېنى يەڭدى. مەن قەبرە ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم، بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ غەمسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 10

بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ مېنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ:

— ئۇ دائىم ھېلىقى تاشلاندۇق كونا مەھەللىنى ئايلىنىپ يۈرىدىكەن، ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ؟ — دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەن راست ئېلىشىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن دەپ گۇمانلىنىپ، تېخى باياتىن ئايلىنىپ يېنىپ كەلگەن تاشلاندۇق مەھەللىگە قاراپ ماڭدىم.

مەھەللىگە كىرىشىم بىلەنلا ، خېلى يىللار ئىلگىرى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كەتكەن نىگارىمنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى پۇرىدىم . قۇلاقلىرىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىيالىدى . مەن شۇندىلا ، كىشىلەرنىڭ مېنى خاتا ئەيىبلىگەنلىكىنى جەزملەشتۇردۇم - دە ، مەھەللە تەرەپكە قاراپ :

— مەن ساق ، سىلەر ئۆزۈڭلار ئىلىشىپ قاپسىلەر ! — دەپ تووۋلىدىم .

## 11

ئۆتكەن ئۆمرۈمنى ئەسلىسەم پۇشايمان ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلىدۇ . يەنە شۇنچىلىك ياشىشمنى خىيال قىلسام يۈرىكىم بىرقىسما بولۇپ ، قورقۇنچلۇق تىترەك باسىدۇ . مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمدە باسقان ھەربىر قەدىمىم يۈرىكىمگە خۇددى بازغاندەك تېگىپ ، مېنى قاتتىق ئازابلايدۇ .

## 12

سەن بىر چاغلاردا قۇچىقىڭنى كەڭ ئېچىپ : « سەن مېنىڭ ھاياتىم ، ئەگەر سەن بولمىساڭ مەن بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن » دەپ،مېنى باغرىڭغا باسقان ئىدىڭ. ئەپسۇس،بېشىمغا كۈن چۈشۈپ،سىنىڭ تەسەللى بېرىشىڭگە موھتاج بولغىنىمدا گويا مېنى تونىمىغاندەك قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدىڭ.بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

## 13

مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئالدانغانلىقىمنى، شۇنداقلا نەقەدەر ئەخمەقلىقىمنى سىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ شەھلا كۆزۈڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىغاندىلا بىلدىم.

## 14

دوستۇم، سەن مېنى دېھقان، توپا ـ چاڭدا مىلىنىپ، ئېتىزلىقتىلا ئىشلەشكە يارالغان، سەھرالىق دەپ زاڭلىق قىلما، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ گەندە يىغىپ، ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىپ ماڭسام بۇرنۇڭنى تۇتۇۋالما، بۇ پۇراق مېنىڭ بۇرنۇمغا پۇرىمايدۇ ئەمەس، بەلكى ساڭا پۇرىغاندىنمۇ بەتتەر پۇرايدۇ. چۈنكى، تەگرىم ساڭا بەرگەن يەتتە ئەزانى ماڭىمۇ بەرگەن. مەن پەقەت...

## 15

ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان خۇمارلىق كۆزلىرى ئەتراپىدىكى يارىشىملىق كىرپىكلىرىنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئوقيا ئوقىغا ئايلىنىپ يۈرىكىمگە سانجىلغاندىلا، ئەقلىمنىڭ جىسمىمدىن كېيىن تەۋەللۇت ئېتىلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدىم. شەكلەن گۈزەللىك قوغلىشىپ نابۇت بولغان جىسمىمنى تەستە سۆرەپ،

ھەقىقىي گۈزەللىك ئىزدەپ ماڭدىم .

## 16

تۇرمۇش سەھنىسىدە ئويىنىلىۋاتقان بەزى ئويۇنلارنى كۆرۈپ ئويغا پاتسام ، بەزىلىرىنى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن .

## 17

ئۇنىڭ ھەسرىتىدە دائىم غەمكىن يۈرۈپ ، ئەمدىلىكتە كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم قىزىق .

## 18

كەپسىز مۈشۈكۈمنى توخۇلارغا قوشۇپ كاتەكتە بىر مەزگىل باقتىم . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ مياۋلاشنى ئۇنتۇپ ، خۇددى توخۇدەك چىللايدىغان بولۇپ قالدى ، توۋا ؟ ...

## 19

مەن ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ، يەر - جاھاننى ئىزدىگەن بولسامۇ زادىلا تاپالمىدىم . ئۆزۈمنى ئىزدەپ ئاخىر بىر كونا قەبرىستانلىققا بارسام ، بىر كونا گۆرگە كۆزۈم چۈشتى . قارىسام ئۇ يەردە بىر ئىسكىلىت تۇرىدۇ ، سەپسالسام ئۇ ئۆزۈم ئىكەنمەن .

## 20

مانا هازىر ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىدۇ، مەن بۇقۇلداپ يىغلاۋاتىمەن. سەۋەب...

## 21

بىرى مەن بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە بىر قولنى ئۇزاتتى، مەن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا ئىككى قولۇمنى ئۇزىتىپ كۆرۈشتۇم. يەنە بىرى ماڭا قاراپ ئاغزىنىڭ سىڭايىنىدا كۈلدى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدۇم.

## 22

مەن قاتتىق يىغلاپتىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى. يىغلاش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەن ئىدى، يىغىدىن ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم.

## 23

يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئانامنىڭ قۇرسىقىدىن يەرگە چۈشۈپلا نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم.

## 24

ھەي سىبىنى، ئادەم تۇرۇپ، ئاشۇ ئاگسىز

ھايـۋانچىلىكمۇ بولالماي، بىر قېتىم پۇتۇڭ كىرىپ كەتكەن كـامـارغـا يـەنە دەسسىگەنلىكىڭنى كۆرۈپ، سېنى ئىمىدەپ ئاتاش توغرىسىدا چوڭقۇر ئويغا پاتتىم.

## 25

بـاشـقـىلار سـېـنـى نـىـجـاسـەتـتىن ئاسراپ، ساڭا كـۆيـۈنـۈۋاتسا، سېنىڭ يەنىلا قولۇڭنى تىقىپ بۇلغىغىنىڭ قىزىق.

## 26

پۇشايمان قىلىش — ئېسىل ئەخلاق. ناۋادا ئادەملەر ئۆز خـاتالىقىغا پۇشايمان قىلمىسا ۋە ئۇنى تۈزەتمىسە قانداق ئاقـىـۋەتـلـەر كـېـلـىـپ چـىـقـار؟ ئېـنـىـقكى، نۇقسانسىز، كـەمـچىلىكسىز ئادەم بولمايدۇ. بىراق، بىز ھەربىر قەدەمدە ئويـلـىـنىشىمىز، چەكلىك ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى تـوغـرا، ھەقـقـانـىـي ئىشلارغـا سـەرپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا ئاز پۇشايمان قىلىمىز.

## 27

مـەن، ئۇنـىـڭ گۈزەل رۇخسارىدىن تارالغان خۇش پـۇراق ھىدلاردىن مەست بولۇپ، خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۇنى مەجنۇنلارچە سۆيدۈم، ئۇمۇ مېنى سۆيدى، ماڭا سۆيۈشنى ئۆگـەتـتـى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ، « بولدى قىل ئەمدى،

مىنى ئۇنتۇپ كەت » دەپ مىنى تاشلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن « توختا، سەن ماڭا سۆيۈشنى ئۆگەتكەن، ئۇنتۇشنىمۇ ئۆگىتىپ قوي ! » دەپ توۋلىغانچە يۈگۈردۈم.

## 28

بىر چاغلار، « مىنىڭ قەلبىم پەقەت سىزگىلا مەنسۇپ » دەپ قەلبىڭنى ماڭا بەرگەن ئىدىڭ. ھېچ بىلمەيلا قالدىم، بۈگۈن باشقىلارغا قەلب تاپشۇرۇپسەن، سەندە زادى قانچە قەلب بار ؟!

## 29

مەن تەڭرىدىن :« ھەي تەڭرىم، سەن مېنى رەزىللىكلەرگە بەدەل تۆلەش ئۈچۈنلا ياراتقانمۇ ؟ » دەپ سورىدىم. تەڭرىم :

— راست ئېيتىسەن، سەن رەزىللەر ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلەۋاتىسەن، مەن سەن تۆلىگەن بەدەل بىلەن رەزىللەرنى ئايرىۋاتىمەن. سەن يەنە بىرئاز بەدەل تۆلەپ تۇر. مەن رەزىللەرنى ئايرىپ بولۇپلا ئۇلارنى زېمىندىن تازىلايمەن، - دېدى.

## 30

يۈرىكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتكىنىنى

بىلگىنىمدە ئۇنى خورلىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ، ئىزدەپ بارسام، ئۇ يۇرتىمنى ئېلىپ بۇ دۇنيا بىلەن ئاللىبۇرۇن خوشلىشىپتۇ.

## 31

ئۇنىڭ، مەن ئەتىۋارلاپ كەلگەن سۆيگۈسىنىڭ، چاقماق چېقىپ زېمىن يورىغاندا يوق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ سۆيگۈنىڭ كۆلەڭگىسى ئۈچۈن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىمنى ئاندىن بىلدىم.

## 32

سېغىنىش ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، خىيالىمنى قاناتلاندۇردۇم. ھەش ـ پەش دېگۈچە خىياللىرىم نىگار ۋەسلىگە قېنىپ، مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇردى. خۇشاللىقتا كۆزۈمنى ئېچىشىمغا، تېخى ھېلىلا مېنى خۇشال قىلغان خىياللىرىم سېغىنىش ئوتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. شۇندىلا كۆيۈپ كۈل بولۇش ئالدىدا تۇرغان خىياللىرىمنى يىغىپ، نىگارنى ئىزدەپ يول ئالدىم.

## 33

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ مەنزىلىمگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەرسەم قالغاندەك بىرقىسما بولۇپ قالدىم. يۈك ـ تاقلىرىمغا

قارىسام ھەممە نەرسەم ساق ، كېيىنچە بىلسەم قەلبىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

## 34

مەن كۆڭلۈمگە قىلچىلىك شەك كەلتۈرمەستىن ئۇنى مېھرىم بىلەن باغرىمغا باستىم . ئۇ جىسمىنى قاچۇرۇپ : « بولدى قىلىڭ ، مېنىڭ جىسمىم ئاللىبۇرۇن بىر سوغۇق قول تەرىپىدىن بۇلغىنىپ بولغان » دەپ كۆز يېشى قىلدى . مەن ئارىغا يۈرىكىمنى قويدۇم . يۈرىكىم : « راست ئېيتىسەن ، ئۇنىڭ تېنى نابۇت بولغان بىلەن يۈرىكى بۇرۇن ساڭا بەرگەنچە پاك تۇرۇپتۇ » دېدى . مەن ئۇنى باغرىمغا قايتا تېخىمۇ چىڭ باستىم .

## 35

مەن ۋىناسنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا كەلدىم ، ئۇ ماڭا تونۇش مەبۇد ئىدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىسىز شىۋىرلاشتىم . ئەنە شۇ چاغدا يېنىمدا بىرنەچچە قىز پەيدا بولدى . ئۇلار مېنىڭ سۈكۈت ئىچىدىكى سۆرلۈك قىياپىتىمگە زەن سالدى بولغاي : « بۇ ساراڭ ئىكەن ، بىر ھەيكەلگە باش ئۇرۇۋاتىدۇ » دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈشتى . ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى مەن ئۈچۈن ئەرزىمەيتتى . چۈنكى ، ئۇلار « ۋىناس » نىڭ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى .

## 36

ئۆزۈگىنىڭ بىر قاغا ئىكەنلىكىگىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، سېنىڭ ناخشاڭ بۇلبۇلنىڭ قەلبىنى سۆزلەيمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولمىسۇن.

## 37

سەن مېنى «سەھرالىق تومپاي» دەپ زاڭلىق قىلغان چېغىڭدا، ئۆز ئاتا ـ بوۋاڭىنىڭ روھىنىڭ قانچىلىك قورۇنۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىڭگە ئالالامدىغانسەن !؟

## 38

تۇپتۇز يولدا كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىنلا، ئۆزۈمنىڭ قاچانلاردىن بېرى پالەچ بولۇپ قالغانلىقىم توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدىم.

## 39

نېمىشقىكى، يېقىندىن بېرى ئۆزۈمنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىمنى ئويلىسامىلا كۆز ياشلىرىم مەگزىمنى كىسلاتادەك كۆيدۈرۈپ ئاقىدىغان بولۇپ قالدى.

## 40

مەن يىغلاشقا تەمشىلىۋېدىم ئانام ئاغزىمغا ئېمىزگە

سىلىپ قويدى . مەن ئىلاجىسىز ئىمىزگىنى ئەمدىم . بىچارە ئانام مەندىن تولىمۇ رازى بولدى . ئەپسۇس ، ئۇ مېنىڭ ئۇنسىز يىغامنى بىلسە ئىدى كاشكى ...

## 41

كەل پەرىشتەم ! بىز قول تۇتۇشۇپ ، سۆيگۈمىزگە ھەسەت قىلىۋاتقان ئاشۇلارنىڭ ئالدىدىن يۇقىرى ئاۋازدا « ياشىسۇن سۆيگۈ » دەپ توۋلىغانچە ئۆتەيلى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولسۇن .

## 42

بويۇن قىسىپ بىچارىلەرچە تۇرغان ئاشۇ ئارمانلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقلارغا كېتەي دېيمەنۇ ، نېمىشقىكىن يەنە دىلغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالىمەن .

## 43

سېنىڭ دەردىڭدە سەۋدايى بولۇپ ، سۆيگۈ تىلەپ ئالدىڭغا بارسام ، « ساراڭ » دەپ مېنى مەسخىرە قىلغىنىڭ قىزىق .

## 44

ناۋادا خىيالغا ئارىلىشالايدىغان قانۇن تۈزۈلگەن بولسا ئىدى ، بۇ كەمگىچە نەچچە قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلىنغان بولاتتىم.

## 45

مەن ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەنچە ئۆزۈمدىكى سۆيگۈنىڭ نەقەدەر پاك ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

## 46

پەرزەنتلىرىمگە مەندىن قالىدىغان «مىراس»نىڭ مەن تارتىپ تۈگىتەلمىگەن ئاشۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ئويلىسام، روھىم مەھرۇم قالغان ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن.

## 47

ئۇ نەقەدەر گە تەن بېرىپ ئۇنىسىز ياش تۆككىنىچە مېنى ئۇزىتىپ قويدى. ھىجران ئوتىدا تاۋلانغان سۆيگۈمىزدىن بىر مۇقەددەس تۇمار ئاپىرىدە قىلىش نىيىتىدە سەپەردىن قايتىپ ئۇنى ئىزدىگەن بولسامۇ، زىنھار تاپالمىدىم. تاقىتىم تاق بولۇپ، بىر دوستۇمدىن ئۇنى سورىدىم، دوستۇم ھەيران بولۇپ:

— دوستۇم، كور بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە! سەن ئىزدەۋاتقان ئۇ قىز يېنىڭدىن كۆندە نەچچە قېتىم ئۆتۈپ يۈرىدىغۇ، تېخى ھېلىلا يېنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتىغۇ، —

دېدى. مەن شۇندىلا ئۇنى تونۇيالمايۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، چۈنكى ئۇمۇ...

## 48

سۆيگۈ ئازابىدىن قاناۋاتقان يۈرىكىمنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى دۇنيادا ھەممىدىن پاك سانىغان ئىدىم، سەنمۇ تايىنلىق ئىكەنسەنغۇ؟ — دېدىم. ئۇ ئىلمان كۈلۈپ:

— تولا ۋالاقلىماي يولۇڭغا ماڭ، نېمە دەيدىكىن دېسەم تېخى مەندىن نارازى بولۇۋاتامسەن، سەن مېنىڭ ئىشەنچىمنى دەپسەندە قىلىپ قويغان گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئۇ دۇنياغا بارغاندا سۆيگۈ ئىلاھى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىسەن، — دېدى.

مەن شۇندىلا سۆيگۈ ئالدىدا ھەقىقەتەن گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ ئۆيگە پاتتىم. سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ سورىقى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بەدىنىم لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

## 49

ئۇ مېنىڭ ئۇنى سۆيۈشۈمنى گۇناھ ھېسابلىدى بولغاي، مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى. بىراق، ئۆزىنىڭ مېنى سۆيمەسلىكىنىڭ قانداق ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى.

1997 ـ، 1998 ـ يىللار، قەشقەر

本集子由作者几部短篇小说和十几篇散文编成。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار**
جاۋابكار كوررېكتورى : **قەمبەرگۈل ئوسمان**
تېخنىكىلىق تەھرىرى : **غولام ئەبەيدۇللا**

# بەدەل

**ئاپتورى : ئەكبەر جاپپار**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
( قەشقەر شەھىرى تارىبوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 5.25 قىستۇرما ۋارىقى : 1
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى :6080 ـــ 1

ISBN7 — 5373 — 0716—4/ I . 198
باھاسى : 6.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0716-4

9 787537 307161 >

ISBN7 — 5373 — 0716 — 4

I. 198（民文） باھاسى : 6.50 يۈەن